مەسەللەر گۈلىستانى

# قائىدە بىلگەن ئادەم توغرا ئىشىدۇ

(قۇتادغۇبىلىك)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن- سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# قائىدە بىلگەن ئادەم تۇرغىنى يېشىدۇ

(قۇتادغۇبىلىك)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

懂规矩的人受人尊敬：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-753-5

I. 懂… II.阿… III.维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024523 号

从书名 经典之花系列丛书
本册书名 懂规矩的人受人尊敬
策划 穆拉提·伊力
主编 阿迪力·穆罕默德
编著 艾则孜·阿塔伍拉萨尔特肯
责任编辑 艾尼瓦·库迪力克
特约编辑 哈斯亚提·依不拉音
责任校对 克尤木·吐尔逊

出版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社

地址 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮编 830000
发行 新疆维吾尔自治区新华书店
印刷
开本 880×1230 毫米 1/32
印张 3
版次 2009 年 3 月第 1 版
印次 2009 年 3 月第 1 次印刷
书号 ISBN 978-7-80744-753-5
定价 9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى
**كىتاب ئىسمى:** قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:**
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-753-5
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇنىدا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 – 1085) نىڭ ھاياتى ۋە دىداكتىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تېپىلىش، تەتقىق قىلىنىش جەريانى ۋە ئۇ كىتابتىكى تەلىم ـ تەربىيىگە دائىر مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ

ئۇ بۈگۈن يەنە چۈش كۆردى. چۈشىدە خۇددى ئالدىنقى قېتىمقىدەكلا ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىپ چىقتى....

چەكسىز بوشلۇق، ئەتراپتا نە ھاياتلىق، نە تۇپراق، دېڭىز - ئوكيان يوق. ساماۋى كۆكتە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن كۆكۈچ رەڭلىك بۇلۇتلاردىن ئۆزگە ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بېشىغا قەشقەرنىڭ چىرايلىق بادام دوپپىسىنى كانۋاي كۆڭلەك بىلەن ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋالغان قۇتلۇق ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتمەكتە... تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا 60 ياشلاردىن ھالقىغان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، يۈزى سەل - پەل سوزۇنچاقراق، ئاق ئۆڭلۈك، رەڭگى سۇزۇك، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى يارىشىملىق، نىسبەتەن يادىغۇ، پۈتۈن تۇرقىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي پەيدا بولدى. ئۇ بوۋاينى كۆرۈپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇلۇغ بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم. بۈگۈن مىجەزىڭ باشقىچىلا تۇرىدىغۇ؟ بىرەر يېرىڭ ئاغرىپ قالدىمۇ — نېمە؟

— ياق. ئۇلۇغ بوۋا!

— ئەمىسە روھىي كەيپىياتىڭ نېمىشقا شۇنچە تۆۋەن.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىرقانچە كۈن بولدى كەيپىياتىم تازا

جايىدا ئەمەس، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىم، قانداق ئىشلارنى ئۆتتۈپ كېتىۋاتقىنىم ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ. خۇددى مەن بۇ جاھانغا بىھۇدە يارىلىپ قالغاندەك ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ئۆز ـ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ كۈندىن ـ كۈنگە سۇسلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئادەملەر ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ تەنھا ئارالغا جايلىشىشنى ئارزۇلاۋاتقاندەك بىر ھالەت مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالماقتا بوۋا.

ــــ ئۆز روھىي ھالىتىڭنى كونترول قىل، ئوغلۇم. ئۆزىنى تۇتقۇچى ئەر بەخت تاپقۇچى بولىدۇ. كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە، ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز، كۈمۈشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ. پىششىق بولۇشنى خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش كېرەك. ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزىنى ئىشەنچلىك تۇتۇش كېرەك. ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ. ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ، مىجەزى ياخشى بولسا، تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ. ياخشى مىجەزلىك كىشى ھەرقانداق جايدا قەدىرلىنىدۇ. ساۋاب بىلەن ياخشىلىق ئەل ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. شۇڭا، سەن ئارتۇقچە ئويلاردا بولما. ھەرقانداق ئىش بولسا تارتىنماي ماڭا ئېيتقىن، ئوغلۇم!

ــــ رەھمەت بوۋا، رەھمەت. مەن سىلىگە ھەممىنى ئېيتاي. مېنىڭ ئىسمىم قۇتلۇق، ئائىلەمنىڭ كېلىپ چىقىشى دېھقان. بىز جەمئىي تۆت پەرزەنت بولۇپ، بىرسى ئون ياشقا كىرگەن يىلى مەھەللىمىزدىكى كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ئالدىنقى يىلى رەھمەتلىك ئىنىمنىڭ يېنىغا سەپەر قىلدى. ئائىلىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاشۇ جاپاكەش دادامغىلا قالدى.

ئىككى ئاچام بۇرۇنلا تۇرمۇشلۇق بولغاچقا، دادام بىردىنبىر ۋارىسى بولغان ماڭا تېخىمۇ ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپ، خەلققە يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ چىقىشىم ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاتماي ئايمۇ ئاي ئاز بولسىمۇ پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغاچقا، دادامنىڭ ئازراق پۇلنى جۇغلىشىمۇ ناھايىتى تەسكە توختايتتى. مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، بۇ مۇبارەك زېمىنىمىزغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ھەر قايسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئەمما ئىلىم يولىدا توسۇقلار نۇرغۇن ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى، مەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىپ زۆرۈر بولغان كىتاب - ماتېرىياللارنى سېتىۋالالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىرەر ئىش تېپىپ قىلىپ، تاپقان پۇلغا يارىشا بىرەر كىتاب سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم ۋە شۇنداق قىلدىم. كىم بىلسۇن، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۈلكىسىگە قالدىم. ئۇلار ماڭا «نەسىھەت» قىلىپ: بىر كۈن جاپالىق ئىشلەپ بىر كىتاب سېتىۋالىدىغان ئەخمەقلىقىڭنى قوي، سەن ھەر قانچە زور بەدەللەرنى تۆلەپ ئىشلەپ، نەتىجە ياراتساڭمۇ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتسەڭمۇ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىشلەيدىغان ئورنۇڭ يەنىلا توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىراق سەھرا. خىزمەت شارائىتى ياخشى ئورۇنلار پەقەت ئەمەل - مەنسىپى بارلارنىڭ پەرزەنتلىرىگىلا ئىللىق چىراي ئاچىدۇ. سەندەكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىسەن. شۇڭا، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاۋارە قىلماي، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ «ياشىسۇن ئاتمىش نومۇر»، «ئاتمىش ئۈچۈن كۈرەش، ئاتمىش بىر ئىسراپخورلۇق» دەپ

www.uyghurkitap.com

شوئار توۋلاپ:

سوئاللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
سىناققا قالدۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئاتمىش نومۇرنى.

دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ، ئازغىنە ئوقۇش پۇرسىتىدە قانغۇدەك ئوينىۋال، بۇنداق پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ... دەپ تولا سۆزلەپ بېشىمنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ئەتە يەكشەنبە مەن يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئىشلەشكە چىقىپ ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىپ، ئۇزۇندىن بېرى ئېلىشنى ئويلاۋاتقان ھېلىقى كىتابنى سېتىۋالايمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ساۋاقداشلىرىمنىڭ «كۆيۈنۈش» لىرى ئالدىدا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. ماڭا يول كۆرسەتسىلە بوۋا، مېنىڭ قىلغانلىرىم خاتامۇ؟

— ياق، ئوغلۇم! سەن توغرا قىلدىڭ. بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم، چىداملىق بول، چىداملىق بولغان ئەر دۈشمىنىنى يېڭەلەيدۇ. بىلىم يولىدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى باش ئەگدۈر، بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ نەرسە دەپ بىل. بۇ ئىككىسى خىللانغان بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ. كىمدە ئىدراك بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ. بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ. بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان تامغىدۇر. بىلىم بىر بايلىقتۇركى، ئۇ زادى كەمبەغەللەشمەيدۇ، ھېيلىگەر ئوغرىلارمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ. بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتۇر، بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر. كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن

www.uyghurkitap.com

پەرقلىنىدۇ. بىلىملىك كىشى ئۆز نىسۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ. بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراك توغرۇلۇق ئۇستازلىرىمىز كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان. بولۇپمۇ يالقۇنلۇق ھېسسىيات ساھىبى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىز ئەبۇ نەسىر فارابى ھەزرەتلىرى ئىخچام قىلىپ: «ئەقىل ـ روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر... ئۆز سۈپەتلىرىنى پەقەت پەزىلەتلىك پائالىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ياكى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتتىن قاچۇرغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەقىلدۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. شۇڭا، سەن بىراۋلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىگە قۇلاق سالما، پەقەت ئۇلار ساڭا ياخشى يول كۆرسەتسىلا ھەقىقىي دوستۇم دەپ بىل. ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال چوڭلارغا مەسلىھەت سال. ئۆز بېشىمچىلىق قىلما، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچىلەردىن كېڭەش سورىما، چۈنكى ئۇنداقلاردىن ساڭا مەنپەئەت تەگمەيدۇ، چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ، مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۇزۇن بولىدۇ، كىشى ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتكۈزىدۇ، نېمە ئىش قىلىشنىڭ ھەققىدە كىشىلەر بىلەن كېڭەش، كېڭەشمەيدىغان كىشىگە قېتىلما، يىراقلاش، قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ كېڭەشكىن، ئاندىن قىل، تىلەك ـ ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن قىل، تىرىشقىن، كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر، ھەرقاچان ئۆز ئۈلۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەن سېنىڭ بۇندىن كېيىن ھەر خىل ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشىڭگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، ئۆزۈم يېزىپ چىققان مۇنۇ ئەسەرنى ئارمىغان قىلاي، پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلارسەن.

بوۋاي شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ چىرايلىق دۇخاۋغا ئورالغان قېلىن بىر كىتابنى قۇتلۇققا بېرىپ قويۇپ، قانداق پەيدا بولغان

بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە غايىب بولدى. قۇتلۇق بوۋاي بەرگەن كىتابنى ئالدىرىماي ھاياجان ئىلكىدە ئاچتى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزىگە زۇمرەت رەڭلىك مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت بېسىلغان مۇقەددەس بىلىملەر خەزىنىسى كۆرۈندى. ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ئەتراپىغا قاراپ بوۋاينى چاقىردى.

— يۇسۇپ بوۋا؟! يۇسۇپ بوۋا؟!

قۇتلۇق شۇنداق توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. تۆت جۇپ سىم كارىۋات قويۇلغان ئوقۇغۇچىلار ياتىقى جىمجىت ئىدى. گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئويغاق بولسىمۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشماي ئوغرى مۇشۇكتەك ماراپ يېتىشاتتى. تۇيۇقسىز ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، قۇتلۇقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سىم كارىۋاتتا ياتقان ئارسلان قۇتلۇققا سۆز قىلدى.

— سەنمۇ ئويغىنىپ كەتتىڭمۇ، قۇتلۇق.

— ھەئە، ئويغىنىپ كەتتىم.

— سائەت نەچچە بولدى؟

— ئەمدى ئالتە بوپتۇ ئەمەسمۇ؟

— ھەي، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىغىلىش مۇزىكىسىنى قويۇپ بەرگەن بولسا، ئۇيقۇمىزنى ئاچالماي قالار ئىدۇق ـ ھە! باشقا چاغدا، ئويغىناي دەپمۇ ئويغىنالمىغان، بۈگۈنكىدەك دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇيقۇ كەلمىگەن؟ تازا بىر ئىش بولدى ـ دە، بۇ. بىر ھېسابتا مۇشۇ گىمناستىكىغا يىغىلىش مۇزىكىسىنى «ئۇيقۇ كەلتۈرۈش مۇزىكىسى» دەپمۇ ئاتىساق بولىدىكەن.

— ئەجەبمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلدىڭغۇ، ئارسلان، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ياتقان باشقا بالىلارمۇ جانلىنىپ سۆز قىستۇرۇشقا باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ كىچىككىنە

ياتاق ئىچى بىر مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلانغانلىقتىن تۇس بەردى. بىرى بىر ئىشنى دېسە، يەنە بىرى ئۇنى رەت قىلاتتى. بىرى كېچە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلسا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا خالىغانچە چۈش تەبىرى بېرىپ ئۇنى كۈلكە ئاستىغا ئالاتتى. ئەمما قۇتلۇق ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا بىردەم ھەمدەم بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي قايتىپ كىرىپ ياتاقداشلىرىغا سۆز قىلدى.

— ھەي ئاغىنىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، كونىلاردا «سەھەر تۇرغان ئىتتىن قورق» دېگەن گەپ بار. ئۇخلىمىغاندىكىن يېتىۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى!

— بولىدۇ، ئىت ئەپەندى، تۇرساقمۇ تۇرايلى، ھېلى بىكار بىزنى چىشلەپ قويمىغىن يەنە!

ياتاقنى قاتتىق كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى، بۇ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتىدىغان ئىلتەبىرنىڭ ئاۋازى ئىدى. قۇتلۇق ئۇنىڭغا قاراپ زەردە بىلەن:

— ئىلتەبىر، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆز قىل جۇمۇ، توخۇ پوق يېمەستە ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى ۋە دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان چايدانىنى ئېلىپ ئىلتەبىرگە ئالىيىپ قويۇپ، چايخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ كېچە كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆزىنى خېلىلا خۇشال ھېس قىلدى، خۇددى ئۇزاقتىن بېرى يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىغا خۇشال بولغاندەك كەيپىياتتا چۆمدى. چايخانىدىن چاينى ئېلىۋېتىپمۇ يەنە شۇلاردىن ئۆزىنى تارتالمىدى. راست، بۇ ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك چۈش ئىدى. ئۇ ياتاققا كىرىۋېتىپ بۇگۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ئۇ چاي ئېلىپ ياتاققا كىرگەندە ئىككى ياتاقدىشى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئىدى.

ئىلتەبىر بولسا، يەنە ئورنىدىن تۇرماي سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ قۇتلۇق ياتاقتا كىرىشىگىلا:

— قۇتلۇق، سەنمۇ تازا قىزىق ئىكەنسەن. «سەھەر تۇرغان ئىتتىن قورق» دەيدىكەنسەن، ئورنۇڭدىن بۇرۇن تۇرغاندىكىن سەندىن قورقايلى دېسەك خاپا بولىدىكەنسەن. چاقچاق قىلغاننى چۈشەن. سەھەر تۇرساق بىزنىڭ سېنىڭكىدەك يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشىمىز بولمىسا، ياتماي نېمە قىلىمىز ـ ھە! — دېدى قۇتلۇقنىڭ ئاچچىقىنى تازا كەلتۈرۈپ.

— بوپتۇ، نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن. «ئىتلار ھاۋشىۋېرىدۇ، كارۋانلار يۈرۈۋېرىدۇ»،— قۇتلۇق شۇنداق دېگەچ تونۇگۇن ئەكىلىپ سومكىسىغا سېلىپ قويغان ناندىن بىرنى ئېلىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن 10 مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆردى. ئاندىن كىچىك سومكىسىنى ئېلىپ ئىشلەش ئۈچۈن يول ئالدى. ئۇ سومكىدا قۇتلۇقنىڭ كونا كىيىملىرى بار بولۇپ، ئىشقا بارغاندا ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى. بۇندىن بىر يىل بۇرۇن قۇتلۇق يولۋاس ئىسىملىك بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ شۇنىڭدىن بېرى، ھەر يەكشەنبە كۈنى شۇنىڭ يېنىدا لاي ئېتىش، لاي توشۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ كېلىۋاتاتتى. يولۋاس بولسا ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك، سەمىمىي، باشقىلارغا قىلچە يامانلىق قىلمايدىغان كىشى بولغاچقا، قۇتلۇقنىڭ ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەر ھەپتە قۇتلۇقنىڭ ئاز ئىشلىگەن ياكى كۆپ ئىشلىگەنلىكىگە قارىماي 30 يۈەندىن بېرىپ كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇقمۇ بار كۈچى بىلەن ئىشلەپ ئۇنى رازى قىلىپ، بەرگەن پۇلغا شۇ كۈنىلا ئۆزى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كىتابلارنى سېتىۋالاتتى.

قۇتلۇق يولدا كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى:

مېنىڭ ئىلگىرىمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى سىپتۇۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئاخشام كۆرگەن چۈشۈم بۇ ئارزۇيۇمغا يەنە بىر ئوت ياقتى. بۈگۈن بىر كۈن ئىشلىسەم يولۋاس ئاكام 30 يۈەن بەرسە، ئۈنىڭغا ئۆلۈشكۈن كەلگەن 60 يۈەن قەلەم ھەققىنى قوشۇپ، 80 يۈەنگە ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى كىتابپۇرۇشتىن «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسىدىن بىرنى سېتىۋالسام، قالغان ئون يۈەننى پارچە خىراجەتكە ئىشلەتسەم... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ مېڭىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە يولۋاس يېقىمدىن ئىش باشلىغان ئىش ئورنىغا كېلىپ قالدى ۋە تېزدىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خۇددى كونا ئىشچىلاردەكلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ بۇ جايدىكىلەردىن ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. قۇتلۇق كىچىكىدىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولغاچقا، قۇرۇلۇش ئورنىدىكى لاي ئېتىش، لاي توشۇش، سېمونت يۆتكەشتەك ئىشلاردا ئانچە قىينىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ھېچقانچە بىلىنمەيتتى. قۇرۇلۇش ئورنىدىكى تاغىلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا قوشۇلۇپ بىر كۈننى ناھايىتى تېزلا توشقۇزاتتى ۋە «خەير، كېلەر ھەپتە كۆرۈشەيلى» دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە يول ئالاتتى. قۇتلۇق بۈگۈن باشقىچە خۇشال ئىدى. تۇساتتىن بولۋاسنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

—— قۇتلۇق! قۇتلۇق...

—— ھە! يولۋاس ئاكا، بىرەر ئىش بارمىدى.

—— شۇنداق، قىلىۋاتقان ئىشىڭنى قويۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگىنە، ساڭا تاپشۇرىدىغان ۋەزىپە بار.

—— ماقۇل، ھازىرلا باراي.

قۇتلۇق لاي توشۇۋاتقان چېلەكنى تاشلاپ قويۇپ، يولۋاسنىڭ

يېنىغا باردى. يولۋاسنىڭ يېنىدا ساقال ـ بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، 60 ياشلاردىن ھالقىغان، تۇرقىدىن ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.
قۇتلۇق كەلگەندىن كېيىن يولۋاس ھېلىقى ئادەمگە:
— تۇغلۇق ئاكا، بۇياق بىزنىڭ ئىشتىن سىرت ئىشلەيدىغان ھەمراھىمىز، ئۇنىڭ زېھنى ئوچۇق، قولى ئەپلىك، سىلىنىڭ ھەر قانداق ئىشلىرىنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى ۋە قۇتلۇققا، — ئىنىم، بۇ تاغاڭنىڭ ئازراق ئىشى بار ئىكەن، سەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگىن، ھەققىڭنى ئوبدان بېرىدۇ، ماۋۇ 20 يۈەننى يېنىڭغا سېلىپ قوي، ئۇ يەردىكى ئىشنى تۈگىتىپ بولغۇچە كەچ بولۇپ كەتسە، بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ يۈرمە، تاغاڭنىڭ ئۆيىدە كېرەكلىك قورال ـ سايمانلار تولۇق بار ئىكەن، سەن ئېلىۋالمىساڭمۇ بولىدۇ.
ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مەكتىپىڭگە ئۇدۇل قايت. ھەپتە ئاربلىقىدا ۋاقتىڭ بولسا كېلەرسەن، — دېگىنىچە ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. قۇتلۇق كىيىملىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي، سومكىسىنى ئېلىپلا ئۇ ئادەمگە ئەگەشتى. تۇغلۇق ئەپەندى بولسا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە خېلى زور ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن، بىر قانچە ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ئېلان قىلىنغان، پىشقان قەلەم ئىگىسى ئىدى. بۇ قۇتلۇق ئۇزۇندىن بېرى نام ـ شەرىپىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھەم يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان يازغۇچى مۇشۇمىدۇ؟ شۇ بولۇپ قالسا ئەجەب ياخشى بولاتتى ـ ھە! دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ، سالماق قەدەم بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تۇغلۇق ئەپەندى بولسا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ يېنىك قەدەم بىلەن كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئالاھەزەل يېرىم سائەت

ماڭغاندىن كېيىن، ئاددىي قىلىپ سېلىنغان بىر قورۇغا كېلىپ توختىدى.

— كەلدۇق ئۇكام، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — تۇغلۇق ئەپەندى شۇنداق دېگەچ ئىشىكنى ئېچىپ قۇتلۇقنى ئالدى بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئۆي ئالاھىدە بېزەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قېنى ئۇكام، يۇقىرىغا مەرھەمەت قىلىڭ، بىر پىيالىدىن چاي ئوتلىۋېلىپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشەيلى، — دېدى تۇغلۇق ئەپەندى.

— رەھمەت تاغا، ئىشنى باشلاۋېرەيلىمىكىن.

— ھەي! نېمىدىن تارتىنىسىز. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام». قېنى يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، — تۇغلۇق ئەپەندى قۇتلۇقنى سۆپىغا چىقىشقا ئۈندىدى. بىراق قۇتلۇق چىڭ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇتىدا لاتا خەي، يىرتىق پايپاق بار ئىدى. تۇغلۇق ئەپەندى قۇتلۇقنىڭ كەيپىياتىدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ:

— ھەي!! ئۇكام، سىز نېمانداق تارتىنچاق، كىگىز - گىلەملەرنى پاسكىنا قىلىپ قويامدىمەنكىن دەپ قورۇنۇۋاتامسىز، ھېچقىسى يوق، جاھاندا ئادەمدىن، ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن ئارتۇق نەرسە بولامدۇ، — دېدى ۋە قۇتلۇقنى مەجبۇرىي ھالدا ئۈستىگە چىقاردى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدىمۇ قانداق بىردەمدىلا ئۇنىڭدىكى قورۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق كەيپىياتى ئىگىلىدى. چۈنكى، ئۇ تا ھازىرغىچە بىرەر ئادەمدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان ۋە بۇنداق يېقىملىقلىقنى ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇلار پېچىنە - پىرەنىكلەرگە ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن، بىر پىيالىدىن چاينى ئوتلىۋېتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيى ئادەتتىكى ئۆيلەردىن بولغاچقا، ئۆينىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىچىگە پول ياتقۇزۇلمىغان ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى چاشقان ئاپىتىدە ئۇنىڭ كۈپلىگەن كىتابلىرى چاشقانلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىندى، شۇڭا ئۇ كىتاب ساقلانغان ئۆيىنىڭ تېگىنى چىنە خىش بىلەن بېزەپ، بىر تەرەپتىن، چاشقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۆيىنىڭ پاكىز، دىلغا يېقىشلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئۆزگەرتىش» ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. بۇ دەل بۈگۈن قىلىدىغان ئىش بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مەقسىتىنى قۇتلۇققا ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئاۋۋال ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا ئاچىقىۋېتەيلى، ئۆزەم يالغۇز بولغاچقا، بەزىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئامالسىز قالغان ئىدىم. ئەمدى سىز بولغاندىكىن قىينالمايلا ئاچىقىۋېتەرمىز، — دېدى ۋە ئۇنى كىتاب قويىدىغان ئۆيىگە باشلاپ كىردى. قۇتلۇق كىتاب جازىسىغا تىزىلغان ھەر خىل تىل ـ يېزىقلاردىكى كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى. ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن كىتابلار ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق جىلمىيىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا شۇنچە كۆپ كىتابنى مۇشۇنداق بىر ئادەتتىكى ئۆيدە كۆرۈۋاتقانلىقىغا زادىلا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەر بىر كىتابقا كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ چاقىرىشىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىپ، تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە خىجىللىقىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇكام، ئەجەب ھەيران قالدىڭىزغۇ، گەپ قىلسام ئاڭلىمىدىڭىز، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، — دېدى تۇغلۇق

ئەپەندى.

— ياق! ھېچ ئىش يوق، مەن تا ھازىرغىچە بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە بۇنچىلىك كۆپ كىتابلارنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭا...— قۇتلۇق پەقەت شۇلارنىلا دېيەلىدى. تۇغلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا:

— ھە راست، ئۇكام، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن، — دېدى،

— ئىسمىم قۇتلۇق،— جاۋاب بەردى ئۇ.

— قۇتلۇق؟! بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشتەكلا تۇيۇلىدۇ. سىز ئىجادىيەتكە قىزىقامسىز، — ئۇ يەنە سورىدى.

— ھەئە، ئازراق قىزىقىمەن.

— بىرەر نەرسە ئېلان قىلدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئېلان قىلدىم.

— ئىسمىڭىزنىڭ ماڭا تونۇشتەك بىلىنىشى بىكار ئەمەس ئىكەندە، — تۇغلۇق ئەپەندى شۇنداق دېگەچ كىتاب ئىشكاپىدىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى ئېلىپ، مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ ژورنالدا قۇتلۇقنىڭ بىر پارچە پوۋېستى ئېلان قىلىنغان ئىدى.

— بۇ پوۋېستنى سىز يازغانمۇ؟ — سورىدى تۇغلۇق ئەپەندى.

— ھەئە، مەن يازغان.

— سىزنى ئالقىشلايمەن ئۇكام، ناھايىتى ياخشى يېزىپسىز، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم، مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يازغان ئاپتورنىڭ سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ قۇتلۇقنىڭ قولىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن سىقتى. قۇتلۇق مۇشۇنداق ئادەمنى خوشال قىلغۇدەك ئەسەرنى يېزىپ چىقالىغىنىغا خۇش بولغاندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى ۋە

تۇلۇق ئەپەندىگە قاراپ:
— تۇغلۇق ئاكا سىلى «...»، «...» قاتارلىق رومانلارنىڭ مۇئەللىپى بولمىسىلا يەنە، — دېدى.
— شۇنداق ئۇكام، ئۇ رومانلارنى مەن يازغان، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى تۇغلۇق ئەپەندى.
— مەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنمەن، كېچىدىن ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى چۈشەپ چىقىپتىمەن. بۈگۈن زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى بىلەن تاسادىپىي دىدارلاشتىم، — قۇتلۇق شۇلارنى ئېيتىپ تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقاچ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈل ئازادىلىكىدە قىلساڭ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈگەيدىكەن. قۇتلۇق ئىش قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى تۇغلۇق ئەپەندىگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. قۇتلۇقنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش قىزغىنلىقىدىن سۆيۈنگەن تۇغلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى بەردى ھەم قۇتلۇقنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى كەچلىك تاماق يەپ مېڭىشقا زورلىدى. قۇتلۇق بۈگۈنكى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان بولغاچقا، ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا قوشۇلدى. تاماق ئۈستىدە قۇتلۇق تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ خېلى كۆپ كىتاب بەرگىنىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى ، تۇغلۇق ئەپەندى جاۋابەن:
— ماقا قارا قۇتلۇق، سەن خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ئوقۇغانمىتىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، ئوقۇغان.
— ئەمىسە، ماڭا ئۇنداق رەھمەت ئېيتمۇۋەرمە، ئېسىڭدىمۇ

«قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدا مۇنداق بايانلار بار: «كىتابنى كۆرگەنلا ئادەمگە بەرمىگۈلۈك، ئەگەر دوستۇڭ بولسىمۇ ئىشەنمىگۈلۈك. چۈنكى، بىلىمسىزلەر بۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئىدراكلىقلار ئوقۇپ، ئۇنى ئاسرايدۇ. كىتاب قەدرىنىمۇ بىلىملىك بىلىدۇ، ئىدراكسىز كىشىدىن نادانلىقتىن باشقا نىمە كېلىدۇ؟ بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئەقىللىق (كىشىلەرلا) چۈشىنىدۇ. ئىنسان بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدۇ. بىلىم بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) ئىنسان بۇگۈنكى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى، پاراسەت بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) تۇگۈنلەر يېشىلدى.

بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل، بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە) نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

قەيەردە ئىدراك بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ. بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.

پاراسەتلىك ئوقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك ۋە پاراسەتلىكلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

پاراسەت بىر چۈلۈۋۈردۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ.

پاراسەتنىڭ كىشىگە پايدىسى كۆپ، بىلىم بىلگەندىن كېيىن كىشى ئەزىز بولىدۇ.

ھەرقانداق ئىشنى پاراسەت بىلەن ئىشلە، ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

بىلىمسىز، ئېنىقكى قارىغۇدۇر. يۈر، ئەي بىلىمسىز، تېگىشلىك بىلىم ئال.

بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ، بىلگىنىكى ئىدراكسىزلار كۆپ، ئىدراكلىقلار كەم ئۇچرايدۇ.

كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار، بۇ پەرق بىلىمدىلا (كۆرۈنىدۇ).

سۆزلىگۈچى ئازدۇ ھەم يېڭىلىدۇ، ئىدراكلىقلار ئاڭلىسا، ئوڭلايدۇ ــــ تۈزىتىدۇ.

ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر. مىسالى بىلىم بىلەن كۆككە (مۇ) يول ئېچىلىدۇ.

بوز يەر قېتىمدىكى ئالتۇن بىر تاشتۇر، ئەگەر (قېزىپ) چىقىرىلسا، بەگلەرنىڭ بېشىغا بېزەك (بولىدۇ).

ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر، ئەگەر (ئۇنىڭغا) ئېرىشسەڭ ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە يەت.

كىشىلەرنىڭ يامىنى ئەقىل تاپسا تۈزۈلىدۇ، خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلىم بىلەن بېسىلىدۇ.

بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن تەگسە، قارىغىنىكى، تۆر پەگاھ، پەگاھ بولسا تۆر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر داناغا پەگاھدىن ئورۇن تەگسە، بۇ پەگاھ تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ ھەممىسى بىلىم ئۈچۈندۇر.

بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر. ئەي كۆزسىز قارىغۇ، بىر ئۆلۈش بىلىم ئال.

پاراسەت ــــ قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشىشىدۇ، بىلىم ــــ يورۇقلۇق (بولۇپ) سېنى يورۇتىدۇ.

كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ.

ئىدراكسىز كىشىنىڭ (ھېچنېمىدە) ھەسسىسى بولمايدۇ.

قەدىر ـ قىممەت ئىدراك ئۈچۈندۇر، ئەقىل ـ ئىدراكسىز كىشى بىر ئوچۇم لايدۇر.

ئەقىل ـ ئىدراكسىز، بىلىمسىزلەر ئۆزىنى يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ.

نەزەر سالساڭ، بارچە كىشى كېيىم كىيىدۇ، ئىدراكلىق، بىلىملىكلەر (كېيىم بىلەن ئەمەس) ئەسلى بىلەن قەدىرلىكتۇر.

ئىدراكلىق (كىشى) ئېسىل ئەر بولىمەن دېسە بولالايدۇ،

www.uyghurkitap.com

بىلىمى بولغان ئەر بەگلىك قىلىسىمۇ قىلالايدۇ.

كىمدە ئەقىل ـ ئىدراك بولسا، ئۇ ئېسىل (ئىنسان) بولىدۇ. كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بەگلىككە ئېرىشەلەيدۇ.

كىشى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئېسىل ئاتىلىدۇ.

تۇمەنمىڭ خىل پەزىلەتلەر، كۆپ مەدھىيىلەنگەن (ئىشلار) ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ماختالغاندۇر.

ئىدراك ئازلىقىنى ئاز دېمە، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. بىلىم ئازلىقىنى ئاز دېمە، (ئۇ) ئەر ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر.

دانا سۆزلىگەن مۇنۇ تۆت نەرسىنىڭ ئازلىقىنى ئاز دەپ سانىما، بۇ تۆتىنىڭ بىرسى ئوت، بىرسى ياۋدۇر، ئۈچىنچىسى، تىرىكلىكنىڭ كۈشەندىسى بولغان كېسەلدۇر. بۇلاردىن ئاخىرقى بىرسى، بىلىمدۇر. بۇ تۆت نەرسىنى سەل چاغلىما، قىممىتى يۈكسەكتۇر.

بىلىم گويا كىميادۇركى، (پۈتۈن) نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ، ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ.

ئىپار ۋە بىلىم بىر ـ بىرىگە ئوخشاش نەرسىلەردۇر، ئۇنى ئۆزۈڭدە يوشۇرۇپ ساقلاشقا بولمايدۇ. سەن ئىپارنى يوشۇرساڭ (ئۇنىڭ) ھىدى بىلىنىپ قالىدۇ، بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ ئاشكارا قىلىدۇ.

بىلىم بىر بايلىقتۇركى، (ئۇ زادى) كەمبەغەللەشمەيدۇ، ئوغرى، ھىيلىگەرلەرمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ.

ئەقىل ـ ئىدراك ساڭا ياخشى ۋە ئىشەنچلىك ئاداشتۇر. بىلىم ناھايىتى مېھرىبان قېرىنداشتۇر.

بىلىمسىزگە بىلگىنى ۋە قىلىقى دۈشمەندۇر، باشقىسى بولمىغاندىمۇ، بۇ ئىككى جېدەل يېتەرلىكتۇر.

ئىدراكلىق كىشى ئۈچۈن ئىدراكىنىڭ ئۆزى چىن دوستتۇر، بىلىمسىز كىشىگە نامىلا يېتەرلىك ھاقارەتتۇر.

بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتۇر، بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر.

ئەي ئىدراكلىق ياخشى ئادەم، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، بىلىملىك بەگ، قەھرىلەنمە، نامىڭنى ياخشى قىل، بۇ ئىككىسى بىلەن ئىشقا ئالدىراپ يېقىنلاشما، ئەگەر يېقىنلاشساڭ ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەن، غەزەپ بىلەن قىلىنغان ئىش دائىم پۇشايمانلىق بولىدۇ، كىشى قەھرىلەنسە ئىشتا ئادىشىدۇ.

ئىشنى ياخشى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك.

يارامسىز ـ يارامىلىقنى ئېنىق كۆزىتىپ، كېرەكلىك ـ كېرەكسىزنى ھەقىقىي سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزى ئايرىپ، تاللاپ پەرقلەندۈرەلىسە، ھەممىلا ئىشتا كۆزىنى ئۈتكۈر قىلسا، ئاندىن ئىشلار مۇكەممەل ھەم پىششىق بولىدۇ، (چۈنكى) بىلىملىك كىشىلەر ئاشنى پىششىق يەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر تىلىكىگە يېتىدۇ، ئىككىلا دۇنيادا ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

بىلىملىكنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك جانغا ئوخشاشتۇر.

ئىدراك تەسەۋۋۇر قىلىدۇرۇپ، بىلىم بىلدۈرىدۇ، بىۋاپا دۇنيانىڭ قىلىقىنى ساڭا ئۇقتۇرىدۇ.

ئەقىل ـ ئىدراك قەدرىنى ئەقىللىقلەر بىلىدۇ، ئالىملار بىلىم ساتسا، (ئۇنى) بىلىملىكلەر ئالىدۇ.

بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ قەدرى بىلىمدىن كېلىدۇ.

تەلۋە (نادان) بىلىمنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن، قەيەردە بىلىم تېپىلسا، بىلىملىك (بېرىپ) ئالىدۇ.

تەمكىنلىك، ئالىيجانابلىق ئەقىلنىڭ ئىشى، ئەقىل ـ پاراسەتسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاندۇر.

ئەقىللىقنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا، پايدىسى كۆپتۇر.

قەدىرلىك بولغان ھەرقانداق نەرسىنى بېجىرىش ئېغىرغا چۈشىدۇ. بىلىمسىز ۋە نادانلار بۇنى (ئادا) قىلالمايدۇ.

بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ، دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت ـ چۆپ ئۈنمەيدۇ.

بىلىملىك كىشىلەر ۋۇجۇدىنى ئۆپرىتىدۇ، بىلىم بىلەن شادلىنىپ، جېنىنى ياشنىتىدۇ.

بىلىمنىڭ بەلگىسى ئىككى نەرسىدۇر، بۇ ئىككى نەرسە بىلەن كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى تىل، يەنە بىرى بوغۇزدۇر. بۇ ئىككىسىنى باشقۇرالىسا دەريادەك پايدىسى تېگىدۇ. بىلىملىك بوغۇز ۋە تىلغا ھاكىم بولۇشى لازىم. بوغۇز بىلەن تىلنى كۆزەتكەن بىلىملىكلەر (بەگكە) ئېھتىياجلىقتۇر.

ئىنسان كېكەچ بولسىمۇ بىلىم ئالالايدۇ.

بىلىملىكنىڭ سۆزى بىلىمسىزگە كۆزدۇر.

ھەرقانداق ئىشتا بولمىسۇن ماھارەت ئىشلەت، ماھارەت ئىشلەتسەڭ بەخت ساڭا يۈزلىنىدۇ.

(ئادەم) بىلىمسىز ھالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ، بىلىم بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

(ئادەم) ئانىدىن تۇغۇلغاندا بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

ئەقىل ـ ئىدراكتىن باشقا پەزىلەتلەرنى ئىنسان ئۆگىنىدۇ، ئاندىن بىلىمى يېتىلىدۇ.

كىم ئەقىللىقنىڭ سۆزىنى (ئەستە) تۇتسا، ئىشى يورۇشىدۇ.

دۆلەت بىلىمسىزگە كېلىپ ياراشقان ئىكەن، بىلىملىكنى تېخىمۇ ئوبدان كۆرۈپ بەكمۇ يارىشىدۇ.

دۆلەت بىلىمسىز بىلەن بىللە تۇرغان ئىكەن، بىلىملىككە تېخىمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بىلىمسىز دۆلەت بىلەن يۇكسەلگەن يەردە، بىلىملىك نام ـ شۆھرىتى بىلەن تېخىمۇ يۇكسەكرەك بولىدۇ.
بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسىمۇ، ئىشەنكى، بۇ دۆلەت ئۇنىڭ بىلەن تۇرالمايدۇ.
بىلىمسىز كىشىلەر تامامەن ھايۋانغا ئوخشىشىدۇ.
بىلىمسىز (ئىش) يۇرگۇزسە، قوپاللىق بىلەن يۇرگۇزىدۇ، ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇپ، ئاسماننى تۇتۇن قاپلايدۇ.
پايدىلىق (ئىشلار) بىلىمدىن كېلىدۇ، پاراسەت ۋە بىلىم ياخشى خۇلقلاردىن كېلىدۇ.
بىلىمسىزلەر ھەممە ئىشنى كەلسە ـ كەلمەس قىلىدۇ.
بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا، بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت ـ ئاپەت كېلىدۇ.
بىلىم ياكى ھۇنەر ـ پەزىلەتنى كىشى ئۆگىنىدۇ، ئىدراك بولسا، ئەسلىي تەبىئىتىدىن بولىدۇ.
ئىدراكلىق كىشى ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغدۇر.
ئىدراك كىشى ئۇچۇن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.
ئىدراكسىز كىشىنى ئادەم دېمەسلىك كېرەك، (ئۇ) قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك.
ئىدراك كىشى ئۇچۇن ئەزىز (ۋە) قىممەتلىك نەرسىدۇر.
ئىدراكنىڭ ئورنى ئۇستۇنكى مېڭىدە بولىدۇ، (ئۇ) قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۇچۇن ئورنى باشتا بولىدۇ.
ئىدراك كىشى ئۇچۇن بىر كىشەندۇركى، ئادالەت ۋە توغرا ئىشتىن نېرى كەتكۇزمەيدۇ.
ئىدراكسىز ئۆلۈكتۇر، ئىدراكلىق تىرىك، ئىدراك ئەرنى ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق ئايرىيدۇ.
ئادەم گويا تۇندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا، ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ، بىلىم بىلەن ئەر يۈكسىلىپ مەشھۇر بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن ئىنسان ئۇلۇغ بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئادالەت يولىنى ئاچىدۇ.

كىشى بىلىمى بىلەنلا هايۋاندىن پەرقلىنىدۇ.

ئىدراكنىڭ قىلمىشى توغرا، شادلىقى كۆپتۇر. هۆسن - چىرايى كۆركەم ۋە يېشى كىچىك، ئۇ بارلىق ياخشىلىقتا ئۆتكەلدۇر. ئۇ تەمكىن، خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم، جىمى جانلىقلارغا رەھىمدىلدۇر. (ئۇ) قاياققا قول ئۇزارتسا (ئىش) راۋاج تاپىدۇ، سۆزى قەيەرگە يەتسە ئېتىبارلىق بولىدۇ. قارا، ئۇنىڭ چىرايى ئىللىق، ھەممىگە يېقىملىق، كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن پايدا تېگىدۇ. كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەرقانداق ئىشنى پۇختا قەدەم بىلەن قىلىدۇ. ھەرقانداق بۇزۇلغان ئىشنى ئوڭشايدۇ، ھەرقانداق چىگىش تۈگۈننىمۇ يېشىدۇ. قاچقانغا يېتىشىدۇ، ئۈچقاننى تۇتىدۇ، سۇنغاننى ئۇلايدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزەيدۇ.

ئەقىل - پاراسەتسىزلەر ئۆكۈنۈپ دەيدۇكى، ئەي ئەقىل، سەن بولمىساڭ ھەسرەت چېكىمەن، ئۆكۈنىمەن. سەندىن ماڭا بىر ئۇلۇش تەگمىدى، سېنىڭسىز كىشىنىڭ كۆڭلى (گويا) ئۆلۈكتۇر.

ئەقىل - ئىدراك بىر مەشئەل، قارىغۇغا كۆز. ئۇ، ئۆلۈك تەنگە جان، كېكەچ تىلغا سۆزدۇر.

ئەقىل (دائىم) ئوڭ ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ سولى يوق، ئۇ چىن ۋە ئىشەنچلىك، ھېچبىر ھىيلىسى يوق.

ھەممىدىن ئاۋۋال ئىدراكنىڭ ھەرىكىتى مۇۋاپىق بولىدۇ، ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا يولىدىن تايمايدۇ.

ئىدراكلىق توغرا، سۆزدە مۇلايىم بولىدۇ، (ئۇنىڭ) ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئۇ تەمكىن، مۇلايىم (ۋە) ناھايىتى سەۋرچاندۇر، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدۇ. قىلغان ئىشىغا قارىساڭ قېرى، يېشىغا قارىساڭ

يىگىت، دانىشمەنمۇ، بەگزادىمۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.
ئەقىلنىڭ ھەربىكتى قېرىدەك، ئۆزى ياش ئوغلاندەك. ئەقىل - ئىدراك قەيەردە بولسا، بېرىپ ئۇنىڭغا يېپىشقىن. ئۇنىڭ كىچىكلىكى ئوماق، قېرىلىقى تەمكىن، ئۆزى كەمتەر - سالماق، (بېرىدىغان) پايدىسى كۆپ.
بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.
ئىنسان بالىسىنىڭ ھەممىسى ئېسىل (ۋە) بۈيۈكتۇر. قارا، پەقەت بىلىم بىلەنلا خىللىرى تاللىنىدۇ.
بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ سەرخىلى سېخىي ھەم كۆزى توق، ئالىيجاناب بولۇشى لازىم.
كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا، ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا، قانچە ماختىساڭ ماختا. كىمدە ئەقىل - ئىدراك، بىلىم جەم بولىدىكەن، ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا ئۇلۇغ دەپ بىل. كىشى ئۈچۈن ئەقىل - ئىدراك نېمىدېگەن ياخشى، ئەقىل - پاراستى بولغاندىلا ئاندىن دانا دەپ ئاتاش كېرەك.
ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىنىڭ سۆزى تامامەن ئۇنچىگە (ئوخشىشىدۇ). بىلىملىك زېرەكنىڭ بىلىمى ئەل ئۈچۈن زىننەتتۇر.
ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىنىڭ ئۇرۇقى ياخشى بولىدۇ.
بىلىملىك (كىشى) ئۆز نېسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ.
كىمگە بىلىمدىن ئۇلۇش تەگمىگەن بولسا، ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا.
ئىنسان بىلىم بىلەن يۈكسىلىپ، شۆھرەت تاپىدۇ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى ئورۇندىيالايدۇ.
بىلىمسىز كىشى قۇرۇق سۆلەت ـــ رەسىمدۇر.
بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆكتىنمۇ ئېگىزدۇر.
ئەقىلسىز كىشى مېۋىسىز دەرەختۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق كىشى ئېرىشمەن دېسە، ئىككىلا دۇنياغا ئېرىشەلەيدۇ، ئېسىل ئاتالسا، ئەقىللىق ئادەم ئاتىلىدۇ.

ئەقلى بولمىسا، كىشى ئىشنى روناق تاپقۇزالمايدۇ.

ئىدراك ئىشقا سېلىنسا، بىلىم باشچىلىق قىلسا، كىشى قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

كىشىنىڭ بىلىم بىلىشى بەك ياخشى پەزىلەتتۇر، ئۇ قىلىچ ئۇرالىسا، بۇ تېخىمۇ ئارتۇق خىسلەتتۇر.

ئىدراك بولمىسا ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، بىلىم بولمىسا ئادەم ئىشنى يۈرگۈزەلمەيدۇ.

ئىدراكلىق كىشىلەردىن كىشىلىك كېلىدۇ، بىلىملىك كىشىلەر ئادەمنىڭ ئادىمىدۇر.

ئەقىل ـ ئىدراكلىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلىدۇر. ئۇ باشقىلار ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

ئىدراكلىق ئادەم يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ. بىلىملىكنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

ئىنسان بىلىمى بىلەن (ھەممىگە) قول ئۇزىتالايدۇ.

بىلىم ـ پەزىلەت ئۆگەن، ئۇنى قەدىرلە، ئۇ پەزىلەت ئاخىرى سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ.

بىلىملىك، ئىدراكلىق كىشى (ھەقىقىي) كىشىدۇر.

ئىش بىلسە بىلىملىك، ئىدراكلىق بىلىدۇ، ئىش قىلسىمۇ بىلىملىك، ئىدراكلىق قىلالايدۇ.

بارلىق چىگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ. بىلىم ئىگىلە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا.

ئىككى تۈرلۈك كىشى ئاتىلىدۇ، بىرى ئۆگەتكۈچى، بىرى ئۆگەنگۈچى.

بىلىم بىلەن قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ، بىلىمسىز ئىبادەت قىلسا، ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

بىلىمسىزنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە قارىغاندا، بىلىملىكنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ ساۋابى يۇقىرىدۇر.

كىشى تۇغۇلۇشىدىنلا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ. تىلىمۇ تۇغۇلۇپلا سۆزلىمەيدۇ، كېيىن سۆزلەيدۇ. كىشى ئۆگىنىپ، ئاندىن دانا بولىدۇ. بىلىمنى بىلسە، ئاندىن ھەممە ئىش ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

ئەقىلسىز ـ ئىدراكسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزىدۇ، بىلىمسىز كىشىلەر خەلقنى قاقشىتىدۇ.

ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشى ئۇلۇغ (مەرتىۋىگە) يەتسە، خوجىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

ئادەم ئىشنى بىلىم بىلەن باشلىسا، ھەممە ئىشىدا تىلىكىگە يېتىدۇ.

ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن بىلىم پايدا كەلتۈرىدۇ، بىلىمدە كەينىدە قالسا، ئىشقا قول قىسقىلىق قىلىدۇ.

بىلىمسىزنى ئارتۇق يېقىن تۇتماسلىق كېرەك. يېقىن تۇتساڭ، شۈبھىسىزكى قىلمايدىغان (ئىشنى) قىلىدۇ.

ھەر قانداق ئىشقا بىلىم بىلەن قول سېلىش كېرەك.

بىلىمسىزگە يېقىنلاشما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختلىك ياشايدۇ.

بىلىمسىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تامامەن قوپالدۇر.

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە (يۇكسىلىپ) بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ، ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ، بىلىم بىلەن ئىشلە.

مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ، مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۇزۇن بولىدۇ.

بىلىم كۆڭۈلنىڭ چاڭ ـ توزىنىنى تازىلىغۇچىدۇر.

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىقتۇر. ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا تۇتىدۇ. يارىماس ئىشلارغا

يېقىنلاشمايدۇ، ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆزىنى يۇمىدۇ.

بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا، بىلىم بىلىش ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر.

بىلىملىك سورا ـ سورا تىلىكىگە يېتىدۇ.

بىلىم تۇۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر.

بىلىملىك (نىڭ كۆڭلى) ئېچىلمايدۇ، خىيالچان يۈرىدۇ، بىلىمسىز خۇشال يۈرۈپ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

بىلىملىك كىشەنلەنگەندۇر، خالىغىنىچە يۈگۈرەلمەيدۇ. قارا، بىلىمسىز ئارزۇ قوغلىشىپ توختىماي يۈگۈرەيدۇ.»

تۇغلۇق ئەپەندى «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى نەسىھەت ئۈنچىلىرىنى خۇددى كىتابقا قاراپ ئوقۇۋاتقاندەكلا قىلچە دۇدۇقلىماي بايان قىلىپ بېرىپ، قۇتلۇقنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. تۇغلۇق ئەپەندى ھازىر ئېيتقان نەسىھەت ئۈنچىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ ئاخشام چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان ئىدى. بۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەر ئاخشاملىقى خاسىيەتلىك چۈشلەردىن ھاياجانلىنىپ يۈرگەن قۇتلۇقنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇپ بېرىۋاتاتتى.

— مەن بۈگۈن ھەقىقەتەن كۆپ بىلىمگە ئىگە بولدۇم، ئۇستاز، سىلىدەك ھەممە ساھەدىكى بىلىمنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلارمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

— بۇنى ئۆزۈڭنىڭ تىرىشچان ھەم قائىدىلىك ئىكەنلىكىڭنىڭ مۇكاپاتى دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىگ» تە «قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. سەن ھەم بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، ھەم قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى ئوبدان بىلىدىغان بالىكەنسەن. مۇشۇ خاسلىقىڭلا بولىدىكەن،



www.uyghurkitap.com

كەلگۈسۈڭ ھامان پارلاق بولىدۇ.

ئۇلار مەھەللە دوقمۇشىدىن ئەگىرگەن سامىسىنى ئەنە شۇنداق پىكىر ئالماشتۇرۇشلار ئارىلىقىدا يېيىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن، مەمنۇنىيەت ئىلكىدە بۈگۈنكى سۆھبەتلەرنى ئاخىرلاشتۇردى. تۇغلۇق ئەپەندى قۇتلۇققا پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشنى ئېيتتى. قۇتلۇق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، تۇغلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا 30 يۈەننى قويدى. ئەمما قۇتلۇق پۇلنى ئالمىدى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن نەچچە يۈز يۈەنگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بىلىمگە ئىگە بولغان ھەم ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تاپالماي كېلىۋاتقان بىر قانچە كىتابقا ئېرىشكەن ئىدى. ئەمما ئۇ تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ زورلىشى بىلەن ئاخىرى پۇلنى ئالدى. بۇ چاغدا كەچ سائەت سەككىز بولاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ تۇغلۇق ئەپەندى بىلەن خۇشال كەيپىياتتا خوشلىشىپ، كېلەر ھەپتە ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# زېمىننى كۆلدۈرگەن ئوغۇل

سەھەر...

قۇياش يۈزىگە ئارتىۋالغان قارا چۈمپەردىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئالتۇن رەڭ نۇرلىرىنى سەپمەكتە. مەكتەپ ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك قارىغاي كۆچەتلىرى قۇياش نۇرى تەپتىدىن تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلماقتا. ئاشخانىدىن يانغان ئوقۇغۇچىلار قاچا - قۇچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ياتاققا قايتماقتا. بىر قىسىملىرى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك سەينانىڭ ئەگمە يوللىرىدا مېڭىپ يۈرۈپ دەرس ئۆگەنمەكتە. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، تەنتەربىيە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ مەيدانغا قاراپ ئاقماقتا....

قۇتلۇق ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى كۈنى تۇغلۇق ئەپەندى بەرگەن يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق يازغان «11- ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە چىقىپ، كىتابتىكى «بەخت ئەلچىسى — يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

خەلقىمىزدە «ئوغۇل تۇغۇلسا زېمىن كۆلىدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. بۇ بەلكىم ئوغۇللارنىڭ بۇ زېمىندا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت ۋە يۈكىنىڭ ئېغىر بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەجىر - تەرى بىلەن زېمىن گۈللەيدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. بىراق

دۇنياغا مىليارد ـ مىليارد ئوغۇللار تۇغۇلۇپ ئۆتتى. بەزىلەر زېمىننى كۇلدۇرگەن، ئەلنى گۈللەندۈرگەن بولسا، يەنە بەزىلەر زېمىنغا ئوت چېچىپ، ئەلگە كۆرگۈسىز ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە تەخمىنەن 1017 ـ يىلىدا قاراخانىيلار يازلىق پايتەختى بالاساغۇندا قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاساسلىق قەبىلە بولغان ياغمىلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ بىرىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. بۇ ئوغۇل 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا قاراخانىيلار ئوردىسىدا شاھنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى، دۆلەت ئۇستازى بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىدى.

بىز ھازىرغىچە بۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا تولۇق، كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق. ئەمما، ئۇ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى قىسمەن، غۇۋا ئۇچۇرلارغا ئاساسەن مۇئەييەن ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ نەسەبلىك، ئوقۇمۇشلۇق مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شۇڭا، ئۇ كىچىككىدىن باشلاپلا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

381 تىلىم تىنما، ماختا ياراتقۇچىنى،
يامانلىقنى مەندىن يوقاتقۇچىنى.

382 ئۇ تاللاپ ياراتتى، يورۇتتى دىلىم،
ئىمان بىرلە تىنچ يولنى تاپتى دىلىم.

383 قاراڭغۇدا ئەردىم، يورۇتتى دىلىم،
زۇلمەتتە ئەردىم مەن، تۇغۇلدى كۈنۈم.

بىز ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىغا ۋە ئەسەرنىڭ ئىلاۋە قىسمىدا بېرىلگەن مۇنۇ بايانلارغا ئاساسەن، بۇ ئالىمنىڭ تەقۋادارلىق ماقامىغا يەتكەن، بىلىم ۋە ئىلىمدە كامالەت تاپقان، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ياخشىلىق بىلەن تونۇلغان بىر زات ئىكەنلىكىنى بىلىمىز:

54 كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۇنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

56 ئۇ توغرا، با ھۆرمەت بىر زاھىت ئېرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۈرۈر.

يۇقىرىقىلار ئۆز دەۋرىدىكى شاھىتلارنىڭ ئالىمغا بەرگەن باھاسى ئىدى. بۇنىڭدىن بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەقەت يېتۈك ئالىم، ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يەنە ئەل ئىچىدە يۈكسەك پەزىلىتى، ئەقىل - پاراستى، پاك - دىيانىتى، ئەلگە مېھرىبانلىقى بىلەن يۇقىرى ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولغان زات ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلالايمىز؛ بۇنىڭدىن بىز يەنە ئالىمنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ناھايىتى ياخشى تەربىيە پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ كۆپ تەرەپلىمە ۋە ئەتراپلىق يېتىشىپ 11 - ئەسىردە دۇنيانىڭ شەرقىدە دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى چۈشىنىش جەھەتتە ئىلىمنىڭ

ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ دىنىي ئىلىملەرگە كامىل بولۇپ قالماي، يەنە دىنىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان. ئۇنىڭ پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق، مۇناسىۋەتشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىمى ۋە ئىزدىنىشى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن پارلاق سەھىپە ئاچقان. ئۇنىڭ كىتابىدىن پېداگوگىكىلىق، پسىخولوگىيىلىك، ئاسترونومىيىلىك، تارىخشۇناسلىق، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك، ئىلمىي مەنتىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال بىلىملەرنىڭمۇ خېلى چوڭقۇر قاتلام ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن مائارىپ، تەلىم - تەربىيە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابىغا ۋە دۆلەت ئۇستازىغا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى جەھەتتە يېتىلدۇرگەن مەلۇماتى ۋە مۇناسىۋەتشۇناسلىق جەھەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن قاراخانىيلار دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس قوشقان.

بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۇغۇلۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابى بولۇشتىن بۇرۇنقى ھايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ۋە بىلىش نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدىكى چاقناپ تۇرغان بىلىم ھاسىلاتلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە «ئالىملار توپلانغان جاي» دەپ نام ئالغان قەشقەر ۋە بالاساغۇندا ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىملىرىدىن تەربىيە ئالغانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، تىرىشچان، ئىنتىلىشچان ئادەم بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەسەردىكى روشەن خاھىشچانلىقتىن ئالىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىچە خاراكتېرلىك، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئالىمنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرىگە ئاساسەن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئوردىدا چوڭ بولغان، قۇرامىغا يەتكەندىن باشلاپلا ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قاراخانىيلار ئوردىسىدا تۈرلۈك ئەمەل ـ مەنسەپلەردە بولۇپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا كۆپ تۆھپە قوشقان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن باشلاپلا ئانا تىل تەربىيىسىدە مۇنتىزىم، ئەتراپلىق تەربىيە ئالغان. ئۇنىڭدا ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئىنتايىن يۇكسەك ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ مەدەنىي پاساھەتلىك ئەدەبىي تىل ھېسابلانغان بۇغراخان تىلى، يەنى خاقانىيە تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلغان: «چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملەرنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا، تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق». بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «بۇغراخان تىلى» ئۆز دەۋرىدىكى خاقانىيىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى، يەنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقى دۇنيا ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەتتۇر. بىز بۇنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بايانىدىن ئېنىقمۇ روشەن ھېس قىلالايمىز:

6617 بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۈم ياۋايى كېيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم، ئۆگەتتىم ئارا.

6618 سىلاپ ئەركىلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
تېخى بەزى قورقۇپ، ئۈركۈپلا تۇرا.

6619 سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىۋەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا.

بۇ نېمىدېگەن ئوماق ئەركىلىتىش ـ ھە! بۇنى بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا تىلىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئىزھارى، دەپ قارايمىز. مانا مۇشۇنداق مۇھەببەت بولغاچقىلا، بۇ ئەسەر ئانا تىلى بىلەن شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.

«قۇتادغۇبىلىگ» يېزىلغان ئېنىق يىل دەۋرىنى توغرىراق بېكىتىش، ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئەسەرنى يېزىۋاتقان چاغلىرىدىكى ياش قۇرامى ھەققىدە ئېنىقراق چۈشەنچە بېرىش ئەسەر تەتقىقاتى ۋە مۇئەللىپىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان ئالدىنقى باسقۇچ. بىراق، ئېلان قىلىنغان تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىقاتلاردا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ۋە ئوقۇتۇشتا بەزى ئېنىقسىزلىقلارنى پەيدا قىلدى.

ئالدى بىلەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۆزىدە مۇئەللىپ تەرىپىدىن بېرىلگەن قىسقا، ئەمما ئېنىق بەزى مەلۇماتلاردىن ئەسەر يېزىلغان ئېنىق ۋاقتىنى ۋە مۇئەللىپنىڭ ئەسەرنى يازغان چاغلىرىدىكى ياش قۇرامى ھەققىدە تېخىمۇ مۇقىمراق چۈشەنچىگە كېلىش مۇمكىن.

مۇئەللىپ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان ئېنىق يىل ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

6495 يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلەن،
تۇگەتتىم سۆزۈمنى پۈتۈپ ئۇلگۇلە.

6624 تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۇگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەر تىزىم تېرە.

ئەسەر يېزىلغان يىل ھەققىدە مەلۇمات 6623 ـ بېيىتتا يەنە ئۇچرايدۇ:

6623 يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
بۇ سۆز سۆزلىدىم مەن تۈتۈپ جان سۈرە.

يۇقىرىقى روشەن بايانلاردىن «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1070 – 1069 ـ يىلى) يېزىلىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىگ» تىكى يەنە بىر قىسىم بايانلارغا ئاساسلىنىپ ئەسەرنىڭ يېزىلىشقا باشلىغان ئايلىرى ۋە تاماملىنىپ بۇغراخانغا سۇنۇلغان ئايلىرى ھەققىدىمۇ مۇئەييەن كۆز قاراشنى قويۇپ، كونكرېتراق ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى تولۇق تاماملاپ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 462 ـ يىلى باھار مەزگىلى ئىدى، يەنى تۈرك كالېندارى بويىچە يېڭى يىل كىرگەن نورۇز ئايلىرى ئىدى. بۇ پىكرىمىزنى ئەسەرنىڭ بېشىدا بېرىلگەن «پارلاق باھار پەسلى ۋە بۇغراخان مەدھىيىسى»دىكى خاھىش ئۇچۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ:

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يىلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

66 قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

يۇقىرىقى باھارىيات تەسۋىرىدە قىش ئايلىرىنىڭ كېتىپ، باھار ئايلىرىنىڭ باشلانغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى مۇنەججىملەر ئاسماننى دەۋر قىلىنىشىغا قاراپ 12 بۇرجقا بۆلگەن. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا رەت تەرتىپى بويىچە مۇنداق ئاتىغان: قوزا، ئۇي، قوشكېزەك، يولۋاس، تىمساھ، بۇغداي بېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلاق، سوغا، بېلىق. بۇنىڭ ئۇچىنى بىر پەسىل ھېسابلاپ، تۆت پەسىلگە بۆلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن بېلىق قىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى، بۇنى مىلادىيە ئايلىرى بويىچە سېلىشتۇرغاندا ئۇچىنچى ئاي مەزگىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ» مىلادىيە 1070 ـ يىلى باھاردا بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان دېيىشتىكى ئاساس شۇكى، ئەسەرنىڭ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا مۇنداق مىسرالار بار:

112 قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ ـ مىڭچە قول،
قۇتادغۇبىلىگتۇر مېنىڭ سوۋغام ئول.

113 ئۇلارنىڭ سوۋغاتى كېلەم ھەم كېتۇر،
مېنىڭ بۇ سوۋغاتىم تا مەڭگۇ قالۇر.

گەرچە يۇقىرىقى مىسرالار تۆتىنچى باپ ئىچىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەسەر يېزىلماي تۇرۇپ بۇغراخان ئاتالغان يۇقىرىقى قۇرلار يېزىلمايدۇ. مۇئەللىپ ئەسەرنى تولۇق تاماملاپ بولۇپ، بۇغراخانغا سۇنۇش ئالدىدا يۇقىرىقى بابنى كىرگۈزگەن ھەم بۇغراخاننى خۇدا، پەيغەمبەر، چارياھلارنىڭ ئالدىدا قويۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت تەرتىپى بويىچە تۆتىنچى قاتارغا تىزىپ، ئەسەرنى تۈگەتكەن.
«قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ يېزىلىپ پۈتۈشكە كەتكەن 18 ئاي بويىچە ھېسابلىغاندا، مۇئەللىپ ئەسەرنى ھىجرىيە 460 - يىلى كۈز مەزگىلىدە، مىلادىيە 1068 - يىل 10 - ئايلاردا يېزىشقا باشلىغان بولىدۇ.
ئەسەرنى باشلىغان ۋاقىتىدىكى مۇئەللىپنىڭ ياش قۇرامى بىلەن ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان چاغدىكى ياش قۇرامى ھەققىدىمۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن نىسبەتەن مۇۋاپىق چۈشەنچىگە كېلىش مۇمكىن. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىگ» تە مۇنداق مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

365 تەڭكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسىدە بېشىم.

366 مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل!
بارارمەن گەرچە يەتمىسە ئەجەل.

يۈقىرىقى مىسراالارنى يېزىۋاتقان ۋاقىت ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان 1070 ـ يىللار بولماستىن، بەلكى ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان تۆنجى ئايلىرى (مىلادىيە 1068 ـ يىلى) 10 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. «50 ياش ماڭا قولىنى تەگكۈزدى» دېگەن سۆز ئەللىككە كىرگەنلىكىدىن بېرىلگەن روشەن ئۇچۇر. يۈقىرىقى مىسراالاردا مۇئەللىپكە 50 قولىنى تەگكۈزگەنلىكى ئۇچۇن قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىغا ئاق سانجىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئارقىدىن 10 يىلنى بىر دەۋر باسقۇچى قىلىپ قاراپ، 50 ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن 60 كە قاراپ ماڭغانلىقى، ئەجەل يەتمىسە 60 كىمۇ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇئەللىپنىڭ ئاتمىشكە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى 50 ياش چېگراسىغا كەلگەنلىكىنى، ئاتمىش مەنزىلگە خېلى مۇساپە بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

يۈقىرىقىلارغا ئاساسەن مۇئەللىپ ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، يەنى 1070 ـ يىلى 52 ياشلارغا كىرگەن، دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

يۈقىرىقى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مۇئەللىپ 1019 ـ يىلى تۇغۇلغان بولماستىن، بەلكى1017 ـ يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلارنىڭ تاياڭغۇ ـ خاس ھاجىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ۋاقتى دەل ئۇنىڭ 52 ياشلاردىكى تازا توشقان چاغلىرى بولغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مۇئەللىپ 1080 ـ يىللىرى ۋە 1082 ـ يىللىرى «قامۇس»، «سىياسەتنامە» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، قاراخانىيلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

1070 - يىلى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ ئۇزاق يىل توپلىغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرىگە ئاساسەن، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، دۆلەتنى ئەلگە بەخت كەلتۈرىدىغان مۇستەھكەم قانۇنىي ئاساسقا ئىگە دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، قاتلام - قۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىگ» نى يېزىپ پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھەسەن بۇغراخانغا نورۇز سوۋغىسى سۈپىتىدە سۇنغان، جۇملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نورۇز سوۋغىسى قىلىپ تەقدىم قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى نورۇز تارىخىدا ئەڭ ئۇلۇغ نورۇزنامىنى ۋە نورۇزلۇق سوۋغىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى» بايانىدىكى نورۇزنامىسىدە، ئۆزى بۇ نورۇز سوۋغىسىنىڭ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە سوۋغا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغان (112 -، 113 - بېيىتلارغا قاراڭ).

يۈسۈپ بۇ ئەسەرنى يازغان چاغدا 50 ياشلاردىكى تازا قىران چاغلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە، ئىلىم - كامالەتتە تازا توشقان چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكىنىڭ شانلىق مېۋىسى بولغان بەخت - سائادەت قامۇسى بۇغراخان تەرىپىدىن يۈكسەكقەدىر - قىممەتكە ئېرىشىپ، يۈسۈپكە «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىپ، ئۆزىگە يېقىن سىرداش ۋە مەسلىھەتچى قىلغان. نەسرىي ئىلاۋە يازغۇچى بۇ خۇسۇستا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر؛ ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەردە تاماملاپ، مەشرىق شاھى تابغاچ بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر. شاھ

بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ‹خاس ھاجىپ› لىقىنى ئىلتىپات قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر» (نەسرىي ئىلاۋە: 23 -، 93 - قۇرلار). بىز تەنقىدىي خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر ئەسەرنى قوبۇل قىلىپ، ئاپتورغا شۇنچىلىك زور دەرىجىدە يۇقىرى ئىمتىياز بەرگەندىكىدىن پادىشاھ ھەسەن بۇغراخاننىڭمۇ كۆكسى - قارنى كەڭ، ئادالەتلىك، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تارىخىي مەلۇماتلاردىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش ئەمەلدارى، ئەلنىڭ غەمگۇزارى بولۇپ، ئەل ئارىسىدىمۇ يۈكسەك ھۆرمەتكە، خەلقئارادىمۇ ئاجايىپ ئىناۋەتكە ئىگە بولغانلىقىنى بىلىمىز. ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيەت بېشىدا 40 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، قاراخانىيلار تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان بولۇپ قالغان. بۇنىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە گۈللىنىشنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «بىلىمسىز ئادەملەردە غەم - قايغۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈكلەردۇر. ئۇلارنىڭ پەقەت قارنى تويسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ، بىلىملىك ئادەملەرنىڭ خۇشال چاغلىرى ناھايىتى ئاز، غەم - قايغۇدىكى چاغلىرى كۆپ بولىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ناھەقچىلىكلەردىن ئۇلارنىڭ مېڭىزى قانداقمۇ كۆلسۇن؟» يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنسانىيەتكە بەخت مەنزىلىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدى. لېكىن، ئۇ ئۆزى بەخت ھۇزۇرى سۈرەلمىدى. ئۇنىڭ باغرى رىئاللىقتىكى

تەڭسىزلىكلەردىن ھەرقاچان يارا ئىدى. شۇڭا، ئۇ تەڭلىك ـ باراۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قانۇن ئالدىدا پادىشاھ بىلەن ئاددىي پۇقرا باراۋەر بولىدىغان، قوي بىلەن بۆرە بىر ئېقىندىن سۇ ئىچەلەيدىغان تىنچ، خاتىرجەم جەمئىيەت بەرپا قىلىش غايىسىدە ياشىدى ھەم بۇ ئۇلۇغۋار غايىنىڭ پروگراممىسىنى مۇپەسسەل ئىلمىي ئاساسلار بىلەن بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلىي ئىرادە قانداق ماھىيەتتە بولغان بولسا، ئۇنى شۇنداق تەبىئەتتە قايتىدىن تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسلىكنى ئۆلچەيدىغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي دەرىجە ئۆلچىمىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋە ئىلمى ـ پەزىلىتىگە قاراپ ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئىلغار پەلسەپىۋى ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مانا شۇنداق مەركىزىي ۋە قانۇنىيەتلىك ئۆلچەم ئاساسىدا غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى جانلىق، جەلپكار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقاردى.

«قۇتادغۇبىلىگ»تىكى يادرولۇق تۆت ئوبراز ئابستراكتلىق بىلەن كونكرېتلىقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى يۇغۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن، رېئال جەمئىيەتنىڭ سەلبىي قورغىنىغا جەڭ ئېلان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ نۇرانە جۇلاسىنى ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىپ تېخىمۇ رېئاللاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئادالەت ساھىبى بولۇپ ئەلنى يېتەكلەيدۇ، يەنە بىرى بەخت ئەلچىسى بولۇپ ئەلنى كۈلدۈرىدۇ؛ بىرى، ئىلىم ـ ھېكمەت خەزىنىسىدىن گۆھەرلەرنى

قازسا، يەنە بىرى، ئەقىل ـ پاراسەت دۇلدۇلىغا مىنىدۇرۇپ، ئىدراك دۇنياسىنى ساياھەت قىلدۇرىدۇ. ئۇلار بىزنى شاھلارنىڭ ياسىداق ئوردىلىرىدىن تارتىپ سەھرادىكى دېھقان كەپىلىرىگىچە، شەھەردىكى تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا مەدەنىيەت ئەلچىسىلىك رولىنى ئوينىغان سودا كارۋانلىرىغىچە ئۇچراشتۇرىدۇ. ئەسەردە يارىتىلغان بۇ ئوبرازلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تاللانغان، خىللانغان، سەرخىل كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار گەرچە شۇنداق زور شۆھرەتلىك پادىشاھ، ۋەزىرلەر بولسىمۇ، بىز بىلەن ئەڭ يېقىن دوست، ئۇستاز، مەسلىھەتچى سۈپىتىدە سەمىمىي سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇلار بىز تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇشكۈل ۋە مۇھىم مەسىلەرگە دانىشمەنلەرچە جاۋاب بېرىپ، بىزنى بەخت مەنزىلىگە يېتەكلەيدۇ. ئۇلار بىزگە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرىنى، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئەدەپ ـ قائىدىلەردىن تارتىپ چۈش تەبىرىگىچە، توي قىلىشتىن تارتىپ ياراملىق بىر ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ تەلەپلىرىگىچە بولغان تۇرمۇش يوللىرىنى ۋە ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىتىدۇ. ھايات مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن نىشان ۋە ئۇسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار شۇنچە تەمكىن، پاراسەتلىك ۋە كىچىك پېئىل، خۇشخۇي. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياراتقان بۇ ئوبرازلاردىن پەخىرلىنىپ مۇنداق تەرىپلەرنى بېرىدۇ:

«ئەي دانا ئوقۇرمەن، نەزەر سالغىن، بۇنداق ئېسىل سۈپەت كىشىلەرنىڭ ئىشى، قېنى ئېيتىپ باققىن، ئۇ ئادەملەر ھەقىقىي ئادەم ئاتىلىدىغان بولسا، بۇگۈنكى خەلقنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئەگەر بىز ئادەم دېيىلىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى پەرىشتە دېگۈلۈك. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ئۆگىنىش، سۆزلىرىنى

ئاڭلاش، ئۇلار باسقان ئىزدىن مېڭىش ھەر قانداق ئادەمگە قۇت ئاتا قىلغاي.» (6426 ـ، 6429 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى).

ئومۇمەن، «قۇتادغۇبىلىگ» مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسان كامالىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك باسقۇچلىرىنى تونۇتىدۇ. ئالەم ئۆزگىرىشلىرى بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى ئورگانىك باغلايدۇ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىلىرىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ، تەركىدۇنيالىق بىلەن ھاياتلىق ئۇچۇن كۈرەش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ئارقىلىق ماھىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ئەسەردىكى كىشىلىك قىممەت تارازىسىغا چۈشكەن ئادەم ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش، ئۆزىنى ئىزدەش، نىشان ئۆلچىمىدە ئۆزىگە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىشتە مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىنغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا ئىدى.

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بىز تېخى تازا چوڭقۇر تونۇپ يېتەلمەي، ئىبرەت ئالالمىغان ناھايىتى چوڭ مەنىۋى تراگېدىيىدىن بىرسى بولۇپ ئۆتكەن، يەنى مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش بىزلەر قاراخانىيلاردىن كېيىنكى 13 ـ ئەسىردىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ فاكسىمىلى تۈركىيىدىن كەلتۈرۈلۈپ نەشر قىلىنغىچە بولغان سەككىز ئەسىر داۋامىدا «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەنئەنىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندۇق. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ يورۇق مەنزىلىنى جاھالەت تۇمانلىرى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەن.

ئەۋلادلار بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بەخت مەنزىلىگە باشلايدىغان ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ شاھىتى بولغان ئالتۇن قورلار ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدىن يىراقتا قالغان. چۈنكى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى پۈتۈنلەي خاتا، ئازغۇن ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ نۇرلۇق ساھىلىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان. «قۇتادغۇبىلىگ» ئىدىيىسى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىدىيىسى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ قاتتىق تەقىب قىلىشىغا ئۇچرىغان. شۇڭا، بىز تارىخىمىزدىكى بىرەر ئاپتورنىڭ بۇ ئىككى ئەسەر توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولالمىدۇق. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئەنئەنىسىدىن جۇدا بولۇش ئۇيغۇر خەلقىنى نەچچە ئەسىر بوراندا قالغان قۇشتەك مەنزىلىنى تاپالماي تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان.

1980 ـ يىللىرى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە غەمخورلۇقى نەتىجىسىدە بۇ ئىككى ئەسەر قايتا يورۇقلۇققا چىقىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنياۋى تىل — ئىنگلىز تىلىدىكى نەشرى، خەنزۇ تىلىدىكى نەشرى، رۇس، گېرمان، فرانسۇز تىللىرىدىكى نەشرلىرىمۇ چىقىپ، بۇ ئىككى ئەسەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر، مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. جۇڭگودا نۇرغۇن قېتىم خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيىسىنى خېلى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى.

ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ داغدۇغىسى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەردىكى ئىلغار ئىدىيە ئەۋلادلار قەلبىگە ئورناشمىدى. ئەۋلادلار قەلبىدە ھەقىقىي مەنىدە مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش ئۇچۇن يېتەرلىك تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلمىدى. بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي نۇسخىسىنى تولۇق ئوقۇپ چىققان ئادەم ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 0.01 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىكەن. «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ روماندا شتۇرۇلغان نۇسخىسى ۋە بالىلار نۇسخىسىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، مەسىلە ئىنتايىن ئېغىر. ئەسلىدە «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى مەزمۇنلارنى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدىن تارتىپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىگىچە بالداقمۇ بالداق كىرگۈزۈپ، ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇش دەۋرىمىز تەقەززا قىلىۋاتقان مۇھىم زۆرۈرىيەت ئىدى. بۇ ئىش ھازىرغىچە قىلىنمىدى. بىزنىڭ بۇ ئىككى ئەسەرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكىمىز، ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىمىز پەقەت قۇرۇق شوئارلا بولۇپ قالدى.

ئەگەر شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟!

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە مۇنداق خىتاب قىلغان:«سەن ئاجايىپ - غارايىپلارغا يول تاپىمەن دەپ ئارزۇ قىلىسەن؟! ئاگاھ ۋە دانا بولغىنىكى، ئاجايىپ - غارايىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭدە، ئۆزۈڭنى بىلگىنىڭدە، توغرا يولغا

قەدەم قويى». شۇنداق ئۇلار بىزگە ھەر زامان، ھەر قاچان ئەسقاتىدىغان يول كۆرسىتىدىغان پاراسەت جەۋھەرلىرىدىن قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدىكى گەپ ئۆزىمىزدە بار بولغان شۇ ئۇلۇغ مىراسلارنى ھاياتىمىزغا قانداق تەتبىقلاشتا. ئۇنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ئەگەر بىز ئۇ ئەڭگۈشتەرلەردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش مەنزىلىمىزنى يورۇتۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويساق، ئەقىل - پاراسەتنىڭ مېۋىسى، نەچچە مىڭ يىللىق ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ شاھىتى بولغان ئۇ مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا قايتا قاچىلانغان ئەسكى ئاياغلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟!

«ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۇلۇغلارنى پۇختىلىقۇېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئىش - ھەرىكەت ۋە يولۇڭلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىنى مىراس قالدۇردۇم. ھەر قاچان يولۇڭلاردىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسىلەر. بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلارمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭلارمۇ يول شۇ» — دەيدۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ. ئەپسۇس، بۇ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا ئەۋلادلاردىن ئەۋلادلارغا ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان كۈچ ئۇلاش كالتىكى سەككىز ئەسىر ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن ئاران دېگەندە ئۇنى تېپىۋالدۇق. ئەمدى بۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ كۈچ ئۇلاش ئەڭگۈشتىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولساق، ئەجدادلارغا، مەدەنىيەت تارىخىمىزغا، ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. بۇ مەدەنىيەت ئەڭگۈشتىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەربىر مىراسخورنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىدۇر.

قۇتلۇق ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىنى شۇنداق يېنىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن بىرەر پارچە ماقالە ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئەتىگەنلىك دەرسنى تەكرار قىلمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئۇ خۇماردىن چىققاندىن كېيىن تازا كېرىلىۋېلىپ دەرسلىك كىتابنى قولىغا ئېلىپ دەرس تەكرارلاشقا باشلىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» دەرسى ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دەرسلىك كىتابنى ئېلىپ قىزغىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دەرسنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. قوڭغۇراق چېلىندى. ئوقۇتقۇچى دەرسكە كىردى ۋە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن:

— ئالدىنقى سائەتتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دېگىنىچە سوئال سوراشنى باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى. ئۇ بىر قانچە ئوقۇغۇچىدىن قىسقا سىناق ئالغاندىن كېيىن يېڭى دەرس باشلىدى.

— بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرس «قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مەشھۇر نامايەندە يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىگ› ناملىق داستانى» . بىز ئالدىنقى سائەتتە مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن ئىدۇق. بۈگۈنكى دەرسىمىزدە يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسىرى ھەققىدىلا توختىلىمىز. ئەسەر بارلىققا كەلگەن تارىخىي دەۋر ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمىز. شۇڭا، سىلەر بارلىق زېھنىڭلارنى يىغىپ بۇ دەرسكە دىققەت قىلىڭلار ھەم

ئالدىنقى سائەتتە ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەرسكىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ـــ ئوقۇتقۇچى گېپىنى داۋاملاشتۇرغاچ دەرس تەييارلىق خاتىرىسىنى ئېچىپ قويۇپ، يېڭى دەرس تېمىسىنى دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ يازدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل خۇشاللىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر، ماتېماتىك، ئاسترونوم، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1018 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان..... 1085 ـ يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن،ـــ ئوقۇتقۇچى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتىنى خېلى ئەترابلىق تونۇشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ قەبرىگاھى ئۈستىدە توختالدى.

ـــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيىنىڭ 1085 ـ يىلى 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەستى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن 50 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەد بىننى ھارۇننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىيىنىڭ 1120 ـ يىللىرى) تۇمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەستى ئەسلىي قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىرقى پايناپ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 1074 ـ يىلى (مىلادىيە 1665 ـ يىلى) يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن ئابدۇللاخان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۈز تۇرۇسلۇق ھالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىگاھ ئالدىنى غەربكە قارىتىپ، توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان.

www.uyghurkitap.com

ھىجرىيىنىڭ 1242 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1828 ـ يىلى) قەشقەر ھاكىمى ئىسھاق ۋاڭ (كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلغان. شۇ قېتىملىق ئىسلاھ قىلىشتا قەبرىگاھنىڭ تۆت چۆرىسىگە گۈمبەز، مۇنار ۋە قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇپەتلىك، رەڭلىك كاھىشلار يېپىشتۇرۇلغان.

ئوقۇتقۇچى قاتتىق بىر يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ــــ ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى مىلادىيە 1874 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەبرىگاھنىڭ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى سەۋەبلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تۈزەشتۈرۈپ ياسىغان. چۈنكى، 1955 ـ يىلى مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قەبرىگاھنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ4 ـ كۈنى چىقارغان 1721 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بۇ قەبرىگاھ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى مىڭ يىلدىن بېرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەنى 1972 ـ يىلى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ

ئەقىل - پاراسىتى، ھۈنەر - سەنئىتى، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۈلۈغ نامايانىدىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ئەقىدىسىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. 1978 - يىلىدىكى باھار (3 - ئومۇمىي يىغىن) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساداسى ياڭرىدى. 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى چۈشۈرگەن 107 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى قەشقەردە مەملىكەتلىك تۈنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلۇش ئىشى باشلىنىپ، توپتوغرا ئۈچ يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن 1989 - يىلى 10 - ئايدا غەلىبىلىك تاماملاندى.

ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەپ شۇ جايغا كەلگەندە، قوڭغۇراق چېلىنىپ بىر سائەتلىك دەرسنىڭ توشقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ئوقۇتقۇچى شۇ ھامان دەرس تەييارلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ:

— دەرستىن چۈشۈڭلار! — دېدى ۋە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى، بولۇپمۇ قۇتلۇق ھەممىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى. چۈنكى

ئۇ چۇشىدە كۆرگەن ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇۋاتاتتى. ئون مىنۇتلۇق دەم ئېلىشمۇ بىردەمدىلا تۈگەپ دەرس يەنە باشلاندى.

— بىز يۇقىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قەبرىگاھىنىڭ ياسىلىش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئالىمنىڭ بۈيۈك ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ يېزىلىشى ۋە ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ»نى 18 ئاي ۋاقىت (1067 – 1068) سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، داستانىنى شەرقىي قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى باسار قاغانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ دانىشمەن، تالانتلىق، ئېسىل، ساپ پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىق[1] ئۇنۋانىنى بەرگەن. داستان جەمئىي 85 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

ئوقۇتقۇچى بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە خېلى ئۇزاق توختالغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

— «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ھازىرغىچە ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار ۋېنا نۇسخىسى، قاھىرە

[1] ھاجىپ — (ئەرەبچە) ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز.

نۇسخىسى، پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
ۋېنا (ھىرات) نۇسخىسى مىلادىيە 1439 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس ئىسىملىك كاتىپ تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ، مىلادىيە 1470 ـ يىلى ئىستامبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھامىر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن. بۇ ھازىر مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ئەسلىدە بۇ نۇسخىنى ھامىر پورگىشتال 1796 ـ يىلى بىر كىتابپۇرۇشتىن سېتىۋېلىپ ۋېنادىكى پادىشاھلىق كۇتۇپخانىغا بەرگەن ئىكەن.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، 1896 ـ يىلى قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسىدا كۇتۇپخانا مۇدىرى ــــ گېرمان ئالىمى ب.موريتسي تەرىپىدىن مۇقاۋىغا ئالغۇزۇلغان. 1898 ـ يىلى ۋ.رادلوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قايتا تولۇقلىنىپ، پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسى لېنىنگراد شۆبىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

نەمەنگان (پەرغانە) نۇسخىسى ــــ بۇ نۇسخا ئەسەرنىڭ ھازىر بار بولغان بارلىق نۇسخىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇقى بولۇپ، ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇ ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

ئوقۇتقۇچى شۇلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ــــ «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسى تېپىلىپ، 1823 ـ يىلى 1 ـ قېتىم شەرقشۇناس ژائوبېرتنىڭ «ھۆكۈمەت مەلۇماتلىرى» ناملىق توپلىمىدا ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا»

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدىن باشلاپ نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تەتقىقاتچى، ئالىملىرىدىن ئوتتو ئوبېرت، ۋامبېرى، نەجىپ ئاسىم، رەشت رەھمەتى ئارات، سەدرى مەخسۇدى، دېىل ئاچار، كوپرولۇزادە فۇئات، بومباچى، مالوف، رادلوف، بارتولد، سامايلوۋىچ، قەييۇم كەرىموف، تومسېن، بروكىلمان، ھارتمان قاتارلىقلار «قۇتادغۇبىلىگ» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم دۇنياسىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بولۇپمۇ 1890 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە بولغان 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قۇتادغۇبىلىگ»نى تەتقىق قىلىش بىلەن تونۇلغان بارتولد، مالوف، تۇگۇشېۋا، كونونوف، ئېۋانوف، ۋالتوۋا، پراگوۋا، ستېپولېۋا، ناسىروف، بېرتېلس، كىروكلىي، ۋالىدوف، تېنىشېفلار «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

ئوقۇتقۇچى دەرسنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كىچىككىنە كىرىشى سەۋەبلىك سۆزىنى توختىتىپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا قول ئىشارىسى بىلەن ئولتۇرۇشنى بىلدۈرۈپ، دەرسنى داۋاملاشتۇردى.

—— «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولۇپ، چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشقا باشلاپ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 100 يىلدىن كېيىن ئاندىن ئەسەرنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا مۇشۇنداق بىر ئەسەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. بىلىشىڭلار كېرەككى، تارىخ ھەم رەھىمسىز، ھەم ئاجايىپ سېخىي، ئۇ بىر كۆلەڭگە ۋە خاسىيەتلىك سىيما. ئۇ ئىنسانىيەتنى نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئىنسانىيەتكە ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىلارنىمۇ ئاتا

قىلالايدۇ. ئۇ بىردە كۆلەڭگىدەك غايىب بولۇپ، شۇ تارىخنىڭ ساھىبلىرىنى پۇشايمان ئوتلىرىدا پۇچىلىسا، يەنە بىر ياقتىن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرلۇق روجەكلەرنى ئاچىدۇ. تارىخنى ئىنسانىيەت يارىتىدۇ، شۇ ئىنسان بەزى چاغلاردا ئۆزى ياراتقان تارىخ تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ، ئىنسان تارىخنى يېڭىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخ ھەم ئىنساننى يېڭىلايدۇ. بۇنداق چەكسىزلىك ئىچىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىزدىشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىدە ئاجايىپ شانلىق مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ياراتقان. بىراق، كېيىنكى مەزگىللەردە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان چاغلىرىمۇ بولغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئېسەنكىرەش بىلەن ئەتراپىقا باققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئەسىر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلىقى، دۇنيانىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ، تولىمۇ ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش، مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تېپىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىدا مەشئەل بولۇپ رول ئوينىدى.

بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ» تىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇنتىزىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن

كېيىن ئاندىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىر تۈركۈم يارامل‍ىق تەتقىقات قوشۇنىنى تەشكىللەپ، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك شەكلى بىلەن نەزمىي يەشمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپچىقىپ نەشر قىلدۇردى. 1985 - يىلى «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ قاھىرە، ۋېنا، فەرغانە نۇسخىلىرىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1989 - يىلى خاۋ گۇەنجۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋ، لىيۇ بىڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى. بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر نەتىجىسىدە بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ شۆھرىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى بىر تۈركۈم تەتقىقات قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بەزى ئاپتورلار زېھنىي كۈچىنى مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىغا قارىتىپ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

«قۇتادغۇبىلىگ» جۇڭگودا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان 20 نەچچە يىل مابەينىدە خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بولۇپ ئالتە قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئالىملارنىڭ كاتتا ئۈچرىشىش مەركىزى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنداق سورۇن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر بۆلۈك ياخشى ماقالىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىلمىي مۇھىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

www.uyghurkitap.com

1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىمالىي جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبىيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن مۇتەخەسسىس، ئالىملار بېرىپ، «قۇتادغۇبىلىگ» ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ناھايىتى زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆلىمى خېلى كەڭ بولغان بىر قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىلمىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى سالغان يىغىن بولدى.

1986 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى بىرلىكتە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەر شەھىرىدە داغدۇغىلىق چاقىردى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. يىغىنغا خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتناشتى ھەم ئۇلار مول ئىلمىي

تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. سابىق رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئەھمىيىتى چوڭقۇر يىغىن. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ‹قۇتادغۇبىلىگ› تەتقىقاتى داۋامىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم» دېدى. ئاخىرىدا يەنە: «مەن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مۇنۇ ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلىمەنكى، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ دۇنياغا تېرىغان گۈللىرى زامانىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات گۈلزارىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلسۇن، گۈللەپ ياشنىسۇن!» دېگەن قىممەتلىك ئۈمىد ۋە ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئوقۇلۇپ، «قۇتادغۇبىلىگ» كە كۆپ تەرەپتىن باھا بېرىلدى. بۇ يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەرنى تاللاپ، تەبرىك سۆزلىرىدىن باشقا 39 پارچە ئىلمىي ماقالىنى 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تارىخىي مىراس — قۇتادغۇبىلىگ ھەققىدە بايان» ناملىق مەجمۇئەسىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى قىسمىدا نەشر قىلىپ تارقاتتى.

1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەردە يەنە 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كۆلىمى چوڭ، تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولدى. يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سان ۋە سۈپىتىمۇ ئالدىنقى قېتىمقى يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەرنىڭ سان ۋە سۈپىتىدىن كۆپ ۋە يۇقىرى بولدى. ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش شۇ بولغانكى، 1986 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىگ» مۇھاكىمە يىغىنىدا

ئۇل سېلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا مەقبەرىنىڭ پۈتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىلدى.

1991 - يىلى «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى ئىلمىي تەشكىلات ئاپپاراتىغا ئىگە بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم تەتقىقات قوشۇنىنى تەشكىللەپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىلمىي مۇھىت ھازىرلاندى، 1993 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تويتوغرا تۆت يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى بېيجىڭدا «قۇتادغۇبىلىگ» بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا رۇسىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن بىر قىسىم «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار كېلىپ قاتناشتى. بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئالغا بېسىلغان چوڭ بىر قەدەم بولدى. بەش كۈن داۋاملاشقان بۇ قېتىمقى يىغىندا چەت ئەل ۋە جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلىرى ئوقۇلۇپ، ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى يەنە بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى.

1998 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات

جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى. بۇ يىغىندا 96 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللىنىپ ئوقۇلدى. بۇ ماقالىلەردىن تاللاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 10 - ئايدا «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ــــ قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى.

«قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى 20 يىللىق گۈللىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، نەچچە يۈز پارچە ئىلمىي ماقالە ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» دېگەن كىتابتا «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىغا دائىر يېزىلغان 400 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىنىڭ كاتولوگى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى يازغان «قۇتادغۇبىلىگ ۋە قانۇن»، لاڭ يىڭ يازغان«قۇتادغۇبىلىگ ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «قۇتادغۇبىلىگ خەزىنىسى»، يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق يازغان «ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا»، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت»، رومانلاشتۇرۇلغان «قۇتادغۇبىلىگ»، قۇتادغۇبىلىگنىڭ باللار نۇسخىسى قىلىپ ئىشلەنگەن «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى»، تۇرسۇن ئەرشىدىن يازغان«قۇتادغۇبىلىگتىكى تەبىئىي پەنگە دائىر بىلىملەر»، سەمەت خېۋىر يازغان «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «‹قۇتادغۇبىلىگ› دىن جەۋھەرلەر»، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر بىلەن ئىسمايىل تۆمۈرى نەشرگە تەييارلىغان «‹قۇتادغۇبىلىگ› دىكى رۇبائىيلار»، ئارسلان ئابدۇللا، يولۋاس راشىدىن، پەرىدە ھامۇت، ئابدۇكېرىم راخمان، غېنى

ئابدۇگۇل قاتارلىقلار يازغان «‹قۇتادغۇبىلىگ› ئىستىلىستكىسى» قاتارلىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، «قۇتادغۇبىلىگ» نى مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىدا خېلى چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلىندى.

ئومۇمەن، جۇڭگودا ھازىرغا قەدەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە «قۇتادغۇبىلىگ» كە بېرىلگەن كۈچلۈك، كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات پۇرسىتى باشقا ھېچقانداق بىر كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىگە بېرىلگەن ئەمەس. دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدىمۇ دۇنيادىكى تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنى «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئەسەر يوق. گەرچە «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتى جۇڭگودا چەت ئەللەردىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، قىسقىغىنا 20 نەچچە يىل داۋامىدا ناھايىتى زور تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ خىل قىزغىن سۆيگۈ ۋە تەتقىقات روھىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ روھى خۇش بولغاي.

خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا دەرس سۆزلىنىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ۋاقىت توشتى. ئوقۇتقۇچى بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ كېلىش بىلەن بىرگە «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى تېپىپ ئوقۇپ چىقىشنى تاپشۇرۇپ دەرستىن چۈشۈشنى ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېقىنلىقنى خالىساڭ، كۆڭۈلنى ئايا

دۇنيادا ۋاقىتتىنمۇ قىممەتلىك ۋە ۋاقىتتىنمۇ ئەرزان نەرسە يوق. ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغانلار ئۈچۈن ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بولسا، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن ئۇ ئەڭ ئەرزان. سەن ۋاقىتتىن قانچە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، هاياتىڭنى شۇنچە مەنىلىك ئۆتكۈزسەڭ، ئۇ ۋاقىتتا سەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ۋاقىت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، سەن ۋاقىت ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىڭنى ئىشقا ئاشۇرالايسەن. ئەكسىچە بولغاندا، ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ ھەممىنى ۋاقىتتىن كۆرىسەن. ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايسەن. ئاخىرىدا قىلمىدىغىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىشلا بولىدۇ، خالاس.

قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ بىرەر، يېرىم سائەت بىكار يۈرىدىغان ۋاقتىنى ئۆچۈرتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ كۈنلۈك دەرسنى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاندىن باشقا ساۋاقداشلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشاتتى. كەچتە بولسا ھەممىدىن كېيىن ئۇخلايدىغىنى، ياتاقتا ئەڭ ئۇزۇن شام يورۇقىدا مۈكچىيىدىغىنى يەنىلا قۇتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ كەسپىي دەرسلەردىكى سەۋىيىسى

خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، بىرلا ئاڭلىسا چۈشىنىپ ئالالايتتى. شۇڭا، ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى تىل ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلايتتى. تىل ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىنگلىزچە قىسقا ماقالىلەرنى يازالايدىغان، تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئىنگلىز تىلىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلغان بىرقانچە ماقالىسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. دەرستىن سىرتقى ئىجادىيىتىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۈچ پارچە پوۋېستى، 10 پارچە ھېكايىسى ۋە كۆپلىگەن شېئىر، ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلدى. بۇ جەرياندا تۇغلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتىن بولسۇن، قۇتلۇقنىڭ ئىجادىيىتىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلىشىگە يېتەرلىك شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. قۇتلۇق بولسا تېخىمۇ يۈكسەك مەنزىلنى كۆزلەپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاش ئارقىلىق ئۆگىنىپ، مەكتەپتە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئۇ كۈنىگە 5 ~ 6 سائەتلا ئۇخلايتتى. يەكشەنبە كۈنلۈكى ئىشلەپ پۇل تېپىش دائىملىق ئادىتىگە ئايلانغانىدى.

ئالىي مەكتەپ بىر غايەت زور قايناق تۇرمۇش. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئادەم ئۆز بەختىنى تاپسا، ئاز بىر قىسىملىرى ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، قىسقىغىنە ئوقۇش ھاياتىنى ھېچقانداق نەتىجىسىز ئاخىرلاشتۇرىدۇ. گەرچە سىرتقى كۆرۈنۈشتىن ئادەمگە بىر خىل قىزغىن ئۆگىنىش مۇھىتىنى ھېس قىلدۇرسىمۇ،

لېكىن ئىچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولسا، ئۆزىنى ھەقىقىي ئىلىمگە بېغىشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلار نىسبەت جەھەتتە ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزى ئوقۇغىلى كەلگەن كەسپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي بىرقانچە ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك نومۇر ئالالمايدىغانلارمۇ خېلى كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئۇلارنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن ئىبارەت. ھەر يىلى يېڭى ئوقۇش يىلى باشلانغاندا يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار «كۈتۈۋېلىش» يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان رېستوران زىياپىتىدە ئۇلار ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ھەم ۋاقىت جەھەتتىن زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. ھاراق ـ تاماكا بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغانلار ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا بىرقانچە قېتىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا شۇ قاتارغا كىرىپ كېتىپ، ئۆزلىرىدە يامان ئىللەتنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ. ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، كۆپىنچە ھاللاردا شۇلارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش تۇتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ «پەند ـ نەسىھەتلىرى» نىڭ كۆپ قىسمىدا رىغبەتلەندۈرۈش يوق. ئۇلار «ئاغرىپ قالساڭلار بىزگە خەۋەر قىلىڭلار»، «ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىسەڭلار بىزنى ئىزدەڭلار»، «بۇ مەكتەپتە ئەڭ مۇھىمى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بولغان ئالاقە»... دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئېيتىپ، ئەمەلىي ئىشقا ئۈندەيدىغان سۆزلەرنى ئاز تىلغا ئالىدۇ. قولىدىن كىتاب چۈشۈرمەيدىغان، ھەر دائىم ئىزدىنىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ «كىتاب خالتىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئالمىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مۇبادا ئەنە شۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلار ئوغۇل بولسا، قىزلار تەرىپىدىن «ھېسسىياتى ئويغانمىغان»، «بۇت»، «ياشلىقنىڭ لەززىتىنى

www.uyghurkitap.com

تېتىشىنى بىلمەيدىغان لەقۋا»... دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپرەك ئاڭلايدۇ. قىز بولۇپ قالسا، ئوغۇللار تەرىپىدىن كۈلكە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ «قىزلىق ھېسسىياتى يېتىلمىگەن»، «قېنى، كۆرىمىزغۇ، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھامان ھەممىنى تاشلايدۇ، قىز بالىنىڭ ھەرقانچە ئۆگەنگىنى بىكار. بەرىبىر ئاخىرقى ھېساپتا بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟»... دېگەندەك ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدۇ. بىراق، بۇ خىل ھالەت ۋاقىت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئورنىغا يېڭىچە بىر خىل ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى ئالمىشىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بىر كىچىك ۋەتەنگە ئوخشايدۇ. بۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتلىرى گەرچە ھەر جاي ـ ھەر جايدىن توپلانغان بولسىمۇ، ئورتاق نىشان ئۇلارنى بىر تۇغقان قان ـ قېرىنداشلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سۇغارغان.

ئوقۇغۇچىلار 2 ـ ياتاق بىناسى 403 ـ نومۇرلۇق ياتاق شۇ تاپتا قىزغىن مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلانغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ھەر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ ياتاقتا بىر چاغلارغىچە شام ئۆچۈرۈلمەي بەس ـ مۇنازىرە چىڭىغا چىقاتتى. شۇ تاپتا سەل ئورۇقراق كەلگەن تۆمۈر قىزىپ سۆزلىمەكتە.

ـــ نەۋائىي ياشىغان دەۋردە چىرايلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى ھايات كەچۈرگەن بولغىيمىتى. ئۇنىڭ ھەربىر غەزىلىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بىر قىزغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ چىققىدەكلەنسەن.

ـــ گەپ چىرايلىق بولۇشتا ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشتە. نەۋائىي پۈتۈن ئۆمرىدە بىرلا قىزغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارماندا كەتكەن بولغاچقا،

غەزەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىگىلەيدۇ. نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىغا ئېلىنغان ھەرقانداق بىر قىز گەرچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئۇ دۇنيادىكى تەڭداشسىز گۈزەلگە ئايلىنىدۇ، ــــ گەپ قىستۇردى قۇتلۇق.

ــــ نەۋائىيدەك بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان قانداق تەلەيلىك قىز بولغىيتتى ئۇ، ــــ كىيمىلىرىنى سېلىپ يېتىش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، سەل قارىراق كەلگەن ئىليار سۆز قوشتى. بىردىنلا نەۋائىينىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرە باشلاندى. قوشنا ياتاقلاردىن كىرگەنلەرمۇ بۇ مۇنازىرىگە داخىل بولۇپ، بىلگەنلىرىنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

ــــ ئەلىشىر نەۋائىي بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ قايتىۋاتقاندا كوزا كۆتۈرگەن بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. قىز ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز بولۇپ، بىرلا بېقىشى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىدىكەن. نەۋائىي بىرقانچە كۈن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنىڭ گۇل ئىكەنلىكىنى، خوجا سالىھ ئىسىملىك ئادەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئىشق ئوتى ئۇنى تېخىمۇ كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇ جەرياندا قىزمۇ نەۋائىيغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەلپۈنىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلىشىر نەۋائىي قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەك بولۇپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. بۇ جايدا ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىغاچقا پادىشاھ ھۈسەين بايقاراغا ئېيتماقچى بوپتۇ، ئەمما بۇنىڭغا پېتىنالماي ئاخىرى ئۆزىگە ئۆزى ئەلچى بولۇپ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تەلىيىگە ئۇلار ماقۇل كەپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ ھۈسەين بايقارا ئەلىشىر نەۋائىينى گۇل

ئىسىملىك قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئەسلىدە هۈسەيىن بايقارامۇ ئۇ قىزغا ئاشىق ئىكەن. ئەلىشىر نەۋائىي گويا ئىككى دەريا ئىچىدە ۋە ياكى ئىككى ئوت ئارىسىدا قاپتۇ. ئۇ يا ياردىن كېچىشنى ياكى ئوردىدىن كېچىشنى بىلەلمەپتۇ. ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۇ ئاخىرى قىزنىڭكىگە ئەلچىلىككە بېرىپتۇ. قىز نەۋائىينى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، مەڭگۇ ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ ئۆتۈش مەقسىتىدە ئىككى خىل دورا ئەكەلدۈرۈپ بىرىنى ئۆزى ئىچىپتۇ. يەنە بىرىنى نەۋائىيغا ئىچىشنى ئېيتىپتۇ. نەۋائىي «يارىم قولىدىن زەهەرنىمۇ ئىچىمەن» دەپ دورىنى ئىچىۋېتىپتۇ. قىزنىڭ ئىچكىنى 40 كۈندىن كېيىن جاننى ئالىدىغان دورا، نەۋائىينىڭ ئىچكىنى پەرزەنتتىن مەھرۇم قىلغۇچى دورا ئىكەن. شۇنداق قىلىپ قىز هۈسەيىن بايقارا بىلەن توي قىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا 40 كۈنگىچە ماڭا يېقىن يولىمىسىڭىز دەپ شەرت قويۇپتۇ. هۈسەيىن بايقارا ماقۇل بوپتۇ. 40 كۈندىن كېيىن قىز ئېغىر بىتاپ بولۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. نەۋائىي ۋە هۈسەيىن بايقارا قان - ياش يىغلاپ ئۇنى ئۇزىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي گۈلنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ:

ئەلىشىر نەۋائىي، چارلا گۈلۈڭنى،
ئوقۇ مىڭ مەرسىيە شاد ئەت گۈلۈڭنى.
ئۇنتۇما بىر ئۆمۈر ياد ئەت گۈلۈڭنى،
ياش تۆكۈپ يىغلىغىن گۈل مازاردا...

دەپ مەرسىيە ئوقۇپتۇ ۋە هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە گۈلگە بېغىشلاپ نۇرغۇنلىغان غەزەللەرنى ئىجاد قىپتۇ، — دېدى قوشنا

www.uyghurkitap.com

ياتاقتىن كىرگەن ئوتتۇرا بوي، سەل يۇمىلاقراق كەلگەن ئەركىن.

— شۇڭا نەۋائىي، — ئارسلان سالماقلىق بىلەن سۆز قىلدى، — غەزەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا «گۈل»نى تىلغا ئېلىپ ۋە «گۈل»نى رادىپ قىلىپ ئەسەر يازغان ئىكەندە.

— ماڭا قارا ئەركىن، مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن. نەۋائىي ياخشى كۆرگەن قىز ھەرگىزمۇ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان ئەمەس. ئەكسىچە ھۈسەيىن بايقارانىڭ پۇل - مېلىنى، پادىشاھلىق تەختىنى يۇقىرى بىلىپ نەۋائىيدىن يۈز ئۆرۈپ، ھۈسەيىن بايقارا بىلەن توي قىلىۋالغان. مەشۇقىنىڭ باياشاتلىقنى ھەقىقىي ئىشق - مۇھەببەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنى پىېقىر كۆرگەنلىكىنى نەۋائىي كۆپلىگەن غەزەللىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ بىرىنچى قېتىم ۋەدىلەشكەن مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە «فەقىرلەر»دىن «مېھرىبان غەمگۇزار» ئىزدەيدۇ. ئاخىرى بىر لايىق تاپىدۇ. ئەپسۇسكى، نىكاھلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. تۇيۇقسىز تەگكەن كېسەل بىلەن بۇ لايىقى ۋاپات قىلىدۇ. بۇنى نەۋائىينىڭ «ئوت»، «ئىدى» رادىپلىق غەزەللىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇڭا، سەن بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق بىلەن گەپ قىلما؟ — ئارسلان سەل نارازى كەيپىياتتا سۆزلىدى.

— مەن ئالدىراقسانلىق بىلەن گەپ قىلمىدىم، ماتېرىياللاردىن كۆرگىنىمنى دېدىمغۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ماتېرىيال دېگەننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، بىرلا مەنبەگە تايىنىۋالماسلىق كېرەكتە؟

— بولدى، بولدى، شۇنىڭغىمۇ قىزىرىشامسىلەر؟ قانداقلا بولمىسۇن نەۋائىي ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئىسمى «گۈل» ئىكەنغۇ، — ياتاقتىكىلەر بىر ئېغىزدىن سۆز قوشۇشتى. دەل شۇ

چاغدا ياتاقنىڭ توكى ئۆچۈرۈلۈپ، ھەممەيلەننىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتتى.

— قۇتلۇق، شامىڭنى ياندۇر ئاداش، مۇنازىرىمىز تازا چىڭىغا چىققاندا ئۆچۈپ قالغىنىنى بۇ توكنىڭ، — دېدى تۆمۈر.

— بولدى، ياقما، ئۇخلىمامسەن؟ بىر چاغلارغىچە كاسىلدىشىپ ئۇخلىغىلى قويمايدىكەنسەن؟ — ئەڭ بۇرۇن يوتقانغا كىرىۋالغان ئىلىيار تەنە ئارىلاش سۆز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى باشقىلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغاچقا، كۆلكە بولسۇن ئۇچۇن ئارسلان، ئىلتەرمىش، ئىلتۆمۈر، ئېلتىكىن تۆتەيلەن ئىلىيارنى ياتقان يېرىدىن تارتىپ چۇشۇرۇپ كۆتۈرگەنچە كارىدورغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ كالتە ئىشتان بىلەنلا ئىدى. يەنە بىرقانچەيلەن ئۇنى سەگىتىپ قويۇش ئۇچۇن چايدانغا ئېلىپ قويغان سوغۇق سۇنى ئېغىزلىرىدا چېچىپ ئىلىيارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىۋەتتى. بۇنداق ئەھۋاللار ياتاقتا ئاندا - ساندا بولۇپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىلىيار ياتاققا كىرىپ:

— ئەجەبمۇ بوزەك قىلدىڭلار ئاغىنىلەر، خەپ ماڭىمۇ بىر كەپ قالار - ھە! — دەپ كۆلكە ئارىلاش سۆزلىگەچ ئورنىغا چىقىپ ياتتى. ياتاقتا پاراڭ تېخىچە بېسىقمايۋاتاتتى. بىردەم ئىلمىي پاراڭلار ئەۋج ئالسا، بىردەم ئۇنىڭغا ياندىشىپ كۆلكىسىنى قوزغىتىدىغان پاراڭلار ئەۋج ئالاتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىشق - مۇھەببەت توغرۇلۇق گەپ بولۇنمايدىغان كۈن ئاساسەن يوق ئىدى. قۇتلۇق ياتاقتىكىلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇنازىرىسى تازا قىزىۋاتقان پەيتتە:

— ئاغىنىلەر، ھەممىمىز ئۇنى - بۇنى دېگىنىمىز بىلەن، ئۆز بېشىمىزغا كەلمىگۈچە بىلمەيمىز. شۇڭىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، باشقا كەلمىگۈچە بىلمەيدۇ» دەپ

ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدا ئىشق ـ مۇھەببەت توغرۇلۇق ناھايىتى ياخشى ھېكمەتلەرنى بايان قىلغان ئىكەن. مەن ئېسىمدە قالغانلىرىدىن بىرقانچىنى دەپ بېرەي، — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىمايلا سۆزلەشكە باشلىدى.

كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولسا، نۇقسانى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. كىمنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭ ئەيىبى پەزىلەت تۇيۇلىدۇ. كىمنى سۆيمىسەڭ (ئۇنىڭ) پەزىلىتى قۇسۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

دىلىڭ كىمنى سۆيسە، (ئۇنىڭ) نۇقسانى پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ. بارلىق تەتۈر ئىشلىرى ئوڭ، كەم يېرى تولۇق (كۆرۈنىدۇ).

دىلىڭ كىمنى سۆيسە، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى سۆيۈملۈك بولىدۇ، (ئۇ) كۆرەر كۆزۈڭگە ئۇرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

كۆڭۈل ئارزۇ قىلغان، قاتتىق بېرىلگەن (نەرسە) لەززەتتۇر.

كۆزنىڭ لەززىتى — سۆيۈندۈرگۈچى يۈزنى كۆرۈش، جاننىڭ لەززىتى — كۆڭۈل ئارزۇسىغا ئېرىشىش.

(كىشى) سۆيۈملۈك يۈزگە قارىسا سۆيگۈنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ.

كۆز ئۇچۇن ھەممە نەرسىنى كۆرۈش توسالغۇسىز بولمايدۇ. شۇنى بىلگىنكى، كۆڭۈل ئۇچۇن توسالغۇ يوقتۇر.

(كىشى) سۆيگەن ياكى سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسە، كۆڭلىنىڭ رايىغا باقسۇن، ئاندىن چۈشىنىدۇ.

سۆيۈملۈكلەر يۈزىدە نىشان بولىدۇ، كۆزنى كۆزگە تىكسە، بىر ـ بىرىنى بىلىدۇ.

سۆيگەنلەرنىڭ (سۆيگۈسى) يۈزىدىن مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر سۆزلىسە، سۆزىنىڭ مەنىسى بەلگە بېرىدۇ.

(بىرسىنىڭ) سۆيگەن ـ سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ،

ساڭا تىكىلىپ باققاندا كۆزى بەلگە بېرىدۇ.
كىشىنىڭ كۆڭلى بولمىسا، كۆزنىڭ پايدىسى يوق، ئەقلى بولمىسا، كىشى كۆڭلى تەدبىرسىز قالىدۇ.
كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىكى چوڭ ئازابتۇر.
خۇش چىراي، شېرىن سۆز بىلەن ئىنسان قەلبى ئىسسىيدۇ، (ھەرقانداق) كىشى قەلبى ئىسسىتقۇچىغا ئەسىر بولىدۇ.
خۇش پېئىل، سىلىق بولسا، سۆيگۈگە سازاۋەر بولىدۇ.
كۆز كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ. كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا ئۇنى كىم يىغالايدۇ؟
يەتتە ئەزا ئىچىدە كۆڭۈل بەگدۇر، بېگى باشلىسا خەلقى تامامەن (ئەگىشىپ) يۈگۈرەيدۇ.
ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە ئەگىشىدۇ. ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ.
كۆڭۈل ـ تۈيغۇسىز كىشى تامامەن بىر سۈرەت ـ بېزەكتۇر.
كۆڭۈل ـ تۈيغۇسىز كىشى دانا دېگەن نامنى يوقىتىدۇ.
كىمنى ياخشى كۆرسە، كۆڭۈل شۇنى ئارزۇ قىلىپ، تىلى (شۇنىلا) سۆزلەيدۇ، نامى ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ.
سۆيۈملۈكنىڭ يۈزى كۆڭۈلنىڭ ئوزۇقىدۇر.
كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، شۇ كۆز ئالدىدا بولىدۇ، كۆز قەيەرگە تىكىلسە، شۇ يەردە (ئۇنىڭ قىياپىتى) ئۇچۇپ يۈرىدۇ.
كۆڭۈلدىكى ئارزۇ ـ تىلەك نېمە بولسا، ئېغىز ئېچىش بىلەنلا شۇ ھەقتە سۆزلەيدۇ.
ئۆزۈڭ قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ، ئاۋۋال كۆڭلۈڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن.
قايسى ئىشنى كۆڭۈل خالىمىسا، ئۇنىڭدىن پايدا بولمايدۇ.
كۆڭۈل ھاياجانلىنىپ، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرسە، سېغىنىپ

www.uyghurkitap.com

تىلىگەن ئىشى يېقىن بولىدۇ.

كۆڭۈل يېقىن بولسا، يىراق يەرمۇ يېقىن (بولىدۇ)، يېقىنلىق ۋاپاسىنى (كۆرۈش ئۈچۈن) كۆڭۈلگە قارا.

ئەگەر يېقىنلىق بەدىلىگە ۋاپا بىلەن قارالسا، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق بىرلا داۋاندۇر.

كۆڭۈل بىر بەگ، باشقىلار ئۇنىڭ قۇلىدۇر، بەگ نەگە باشلىسا، قۇل ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

كۆڭۈل ھاياجانلىنىپ بىرەر ئارزۇنى تىلىسە، تىلىكىگە يەتمىگۈچە نىجاتلىق تاپالمايدۇ.

كۆڭۈل ھەرقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلسا، بۇنىڭ داۋاسى ئۇنى ئارزۇ قىلغىنىغا يەتكۈزۈشتۇر.

ئەگەر كۆڭۈل بىر ئارزۇ (سەۋەبىدىن) ئاغرىسا، تىلىكىگە ئېرىشسە ئوڭلىنىدۇ.

كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل ئارزۇ قىلمايدۇ، ھەي ئوغلان، كۆزۈڭ كۆرگەندە كۆڭلۈڭ خالايدۇ. كۆزۈڭنى باشقۇرغىن، كۆڭلۈڭ خالىمايدۇ. كۆڭۈل ئارزۇ قىلمىسا، كىشى مەپتۇن بولمايدۇ.

ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇ بىر ئەينەككە ئوخشىشىدۇ، بەك ئېھتىيات قىل، ئۇنى قوزغىما، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

كىشىنىڭ كۆڭلى قالسا، ھۇزۇر كېتىدۇ، يېقىنلىق يىراقلىشىدۇ، پايدا ئۈزۈلىدۇ.

يېقىنلىقنى خالىساڭ، كۆڭۈلنى ئايا، كۆڭۈل سۇنسا يېقىنلىقمۇ تۈگەيدۇ.

كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، خالىسا، (ئۇ) يەر قانچە يىراق بولسىمۇ، يېقىن تۇيۇلىدۇ.

كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە ھەقىقىي يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۆزىگە ھەقىقىي يېقىن تۇتۇش كېرەك. ئىشەنگەن

كىشىگە سىر ئېيتىش كېرەك، ئىشەنگەن كىشى سىر ئېيتسا، (مەھكەم) ساقلاش كېرەك.

كۆڭۈل بەگدۇر، ۋۇجۇد بولسا (ئۇنىڭغا) قۇل، ئەسىردۇر.

قۇتلۇق سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ياتاقتىكى بىرەيلەن خۇددى يېڭى بايقاشقا ئېرىشكەن ئارخېئولوگدەك كەيپىياتتا تۇرۇپ:

— مەن دېمىدىممۇ ئاغىنىلەر، قۇتلۇق بىرەر قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ دەپ، قاراڭلا ئۇنىڭ مۇھەببەت كۈيلەنگەن پاساھەتلىك سۆزلەرنى يادلاپ يۈرگىنىنى،— دېدى. ئۇنىڭغا يەنە بىرەيلەن قوشۇلۇپ:

— راست دەيسەن، مۇبادا قۇتلۇق بۇ گەپلەرنى مۆرىمەس قىزلارغا ئېيتىپ تەلەپ قويسىمۇ ئۇ قىز ئۇزىمۇ بىلمىگەن ئاساستا «ماقۇل» دەۋەتكۈدەك،— دېدى. ياتاق ئىچىدىن يەنە بىر قېتىم كۈلكە ياڭرىدى. ئۇلار شۇ تەرىزدە بىر سائەتتىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدا مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، ئۆز ئورۇنلىرىغا چىقىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئوغلاننى چىك تۇتسا، بەختكە ئېرىشىدۇ

بۈگۈن ئەتىگەندە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئاغرىپ قالغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارىي ئۆگىنىشكە قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر قۇتلۇقنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس. يا كىتاب ئوقۇش، يا بىرەر نەرسە يېزىش خۇشىياقمايۋاتاتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق كەيپىياتتا بولۇپ باقمىغاچقا، ئۆزىنى تولىمۇ بىئارامسىزلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭ خىيالىغا ئاتىسى كەچتى. توغرا، ئۇ ئاتىسىنى سېغىنغان ئىدى. ئاخشام قۇتلۇق شام يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالغان ھېكمەتلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى سۆيۈنگەن ئىدى. بولۇپمۇ داستاندىن كۆچۈرۈۋالغان ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنى كۆرگەندە ئۇ بەكمۇ ھاياجانلانغانىدى. قۇتلۇق ئۇ ھېكمەتلەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىنى ئېلىپ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈككە چىقىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ھېكمەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاتىنىڭ ئورنى، نامى ئوغۇلغا قالىدۇ.
ئوغۇل ـ قىزنى كۆرەر كۆز نۇرى دەپ بىل.

ئوغۇل - قىزنىڭ غېمى تۇۋسىز دېڭىزدۇر، قىزنىڭ يۈزى ئوغۇل - قىزنىڭ (غېمى) سارغايتىدۇ.
ئوغۇل - قىز تۇپەيلىدىن ئاتا زەخمەت چېكىدۇ، ئوغۇل - قىز (بولسا) ئاتىسىنىڭ ئېتىنىمۇ ئاتمايدۇ.
بالىغا ئاتىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولسا، ئوغلىنىڭ مىجەز - خۇلقى ئوبدان بولۇپ يېتىشىدۇ.
(ئاتا) ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا، (ئوغلى) ياخشى بولىدۇ، ئاتا - ئانىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ.
ئەگەر قاتتىق قول بولمىسا، ئۇ هالدا ئوغۇل زايە كېتىدۇ، ئۇنداق ئوغۇلدىن ۋاز كەچ.
ئوغلى بار ئاتا ئالىم، زېرەك بولسا، (ئوغلىنى) دائىم قاتتىق تۇتۇشى كېرەك، ئىشنىڭ چارىسى مۇشۇ.
كىمنىڭ ئوغۇل - قىزى ئەركە بولسا، ئۇ يىغلايدۇ ۋە قايغۇ - هەسرەتلىك بولىدۇ.
ئاتا - بالىنى كىچىكىدىنلا بوش قويۇۋەتكەن بولسا، ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.
ئوغۇل - قىزنىڭ مىجەز - خۇلقى يامان بولسا، بۇ يامانلىق قىلغان (ئوغلىنى) ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلغان ئاتىسى بولىدۇ.
ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتسا، ئوغۇل - قىزى يېتىلىپ چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ.
ئاتا پۇشتىدىن بالا تۆرەلسە، ئانىنىڭ قارنى بىرنەچچە ئايلىق تىنچ ماكان بولىدۇ.
ئوغۇل - قىزنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى تۈزىلىشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ۋە ئانىدۇر.
ئوغلاننى چىڭ تۇتسا، بەختكە ئېرىشىدۇ.
ئوغۇل كىچىك ئىكەن، ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەت، كىچىكلىكىدە

بىلىم بىلسە، قولى ئۇستۇن بولىدۇ.

ئوغۇل ـ قىز كىچىكلىكىدە نېمىنى بىلسە، قېرىپ ئۆلگۈچە ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ.

ئاتا پەندىنى بەكمۇ چىڭ تۇت، كۇنۇڭ قۇتلۇق بولغاي ۋە كۇنلىرىڭ هالاۋەتلىك ئۆتكەي. ئاتا ـ ئاناڭنى خۇش قىلىپ، (ئۇلارغا) خىزمەت قىل، بۇ خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە تۇمەنمىڭ پايدا كەلگەي.

ئۇرۇقلۇق كىشى ئۆلسە، ئۇرۇقى قالىدۇ. يەرگە نېمە تېرىساڭ، شۇ نەرسە ئۇنىدۇ، ئوغۇل تۇغۇلسا، (ئۇنىڭ) مىجەزى ئاتىغا تارتىدۇ.

مەرد ـ جەسۇر بولۇپ يېتىشىدىغان ئوغۇلنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا بەلگە ـ نىشانى بولىدۇ. مېۋە ـ چېۋىنىڭ بولۇشىنى چېچىكىدىن كۆرۈش لازىم.

ئاتىنىڭ ئالقىشى ئوغۇلغا تەگسە، ئۇنىڭغا شادلىق هەمراھ بولىدۇ.

ئوغلان بىلىم تەلەپ قىلسا، كىچىكىدىنلا بىلىمگە قول ئۇزىتىشى كېرەك. ئوغلان كىچىك ۋاقتىدىلا بىلىم ئۆگەنسە، چوڭ بولغاندىن كېيىن تىلىكىگە يېتەلەيدۇ.

پايدىلىق قول ئوغۇلدىنمۇ يېقىندۇر.

قېرىنداشتىن قېرىنداشقا مەنپەئەت يۇقىدۇ، مەنپەئەت بىلەن ئىنسان لەززەت ئالىدۇ.

بالا ـ چاقىنىڭ نامى ئەر ئۇچۇن يوقالماس كۆلەڭگىدۇر.

سېنىڭ ئايدەك ئوغۇل ـ قىزىڭ تۇغۇلسا، ئۆيۈڭدە تەربىيىلىگىن، باشقىلارغا تاشلاپ قويما. ئىنىكئانىغا ياخشى ۋە پاك ئايالنى تاپ، ئوغۇل ـ قىزىڭ پاك ئۆسىدۇ.

ئوغۇل ـ قىزىڭغا بىلىم، ئەدەپ ئۆگەتكىن، هەر ئىككى دۇنيا ئۇلار ئۇچۇن پايدىلىق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئوغۇلغا ھەرخىل ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگەت، بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن ئۇ مال ـ دۇنيا يىغالايدۇ.

ئوغلۇڭنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىپ تۇر، بىكار يۈرۈشكە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، بىكار يۈرگەن بالا ئۆز بېشىمچى، ئالدىراڭغۇ بولىدۇ.

ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ ئۆلۈمى تامامەن ئوغۇل ـ قىز ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەتتۇر، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈر.

قۇتلۇق ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئارسلان ئۇنى چاقىرىپ:

ـــ قۇتلۇق بايا يۈرتۈڭدىن ياتاققا تېلىفون كەپتىكەن. ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ. سېنى دەرھال قايتىپ كەلسۇن دەيدۇ،ـــ دېدى ۋە ئۇنى تېزدىن مېڭىشقا ئۈندىدى.

قۇتلۇقنىڭ بېشى پىررىدە ئايلانغاندەك بولدى. شۇ كۈنى ئۇ كەچلىك ماشىنىدا يۇرتىغا قاراپ يول ئالدى. ساۋاقداشلىرى ئازراقتىن پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇنىڭغا بېلەت ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئەسلىدە قۇتلۇقنىڭ دادىسى ئوتۇن سېتىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئىككى كۈن بۇرۇن جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنى سېتىپ قۇتلۇققا ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن كېچىدە شەھەرگە قاراپ يول ئالغان. شەھەردە ئوتۇننىڭ باھاسى خېلىلا يۇقىرى بولغاچقا، ئوتۇنچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتۇنلىرىنى شەھەر بازىرىغا ئەكىرىپ ساتاتتى. ئۇ ئېشىكىنى بىر خىل تېزلىكتە ھەيدەپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، قارشى تەرەپتىن كەلگەن چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ سىگنالىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئېشەك ئوتۇن ئۈستىگە چىقىۋالغان ئىگىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن يولنىڭ ياقىسىغا قاراپ قەدەم ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ھارۋا يولنىڭ ياقىسىدىكى چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىپ قۇتلۇقنىڭ دادىسى ئوتۇن ئاستىدا قېلىپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبلىك ھاياتىدىن

ئايرىلغان ئىدى. قۇتلۇققا تېلېفوننى ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئۇرغان ئىدى.

قۇتلۇق ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ جەسىتىگە يېپىشىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يۈرەك باغرى ئېزىلەتتى. قۇتلۇق بىردىنلا قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى:

مېنى دەپ تولغاق يېگەنتىڭغۇ ئانام،
جاپا تېغىنى كۆتۈرگەنتىڭغۇ ئاتام.
پەرزەنت راھىتىنى كۆرمەي تۇرۇپ،
ئەجەب كېتىپ قالدىڭغۇ ئاتام.
ۋاي ئاتام، ۋاي ئاتام.........

ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىغا ئىككى ئاچىسىمۇ جور بولغانىدى. قۇتلۇق قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاتىسى يەرلىككە قويۇلدى. ئادەمنى سۈر باسىدىغان جىمجىت قەبرىستانلىقتا يەنە بىر قەبرە كۆپەيدى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ قەبرىسى قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. قۇتلۇق دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ساۋاقداشلىرى ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بولغاچقا، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، ئاخىرقى بىرقانچە ئايلىق ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەمدە بولدى. قۇتلۇق مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە:

«بىز سىزنىڭ يېقىندا ئەۋەتكەن ‹ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ› ناملىق پوۋېستىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدىكەن دەپ قاراپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 2 ـ سانىدا قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزنى قوشۇپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان ئىدۇق. شۇڭا، سىز تېزدىن يالاڭۋاش چۈشكەن ئىككى سۈرلۈك رەڭسىز رەسىمىڭىزدىن بىر پارچىنى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزنى تەييارلاپ بىزگە ئەۋەتىپ بېرىڭ!...» دېيىلگەنىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باشقا ئوقۇغۇچىلار قۇتلۇقنى قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ ۋە چەت ئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. قۇتلۇقنى دەسلەپتە كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭغا «نەسىھەت» قىلىپ، قىسقا ئوقۇش پۇرسىتىدە ياخشى ئوينىۋېلىشقا ئۈندىگەنلەر ئەمدىلىكتە قايىللىق ۋە خىجىللىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراشماقتا ئىدى.

كەچلىك مۇزاكىرە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 403 ـ نومۇرلۇق ياتاق يەنە قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈن بۇ ياتاققا يىغىلغانلار ئادەتتىكىدىن كۆپ بولۇپ، ھەممىسى قۇتلۇقنى ئالقىشلاش ئۈچۈن يىغىلغان ئىدى. ياتاقتىكىلەرنىڭ كەيپىياتى بۈگۈن خېلىلا جانلىق كۆرۈنەتتى. ئەمدىلا سىنىپتىن ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان قۇتلۇقنىڭ ياتاققا كىرىشى بىلەن ئارسلان ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ:

ـــ قۇتلۇق، بىز بەش يىل بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا، بىر ياتاقتا قېرىنداشلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق.

ئەمما، ئۆتكۈزگەن كۈن سانىمىز تەڭ بولسىمۇ، لېكىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىمىزدە پەرق ناھايىتى زور. سەن گەرچە باشقىلاردەك خېلىلا ھاللىق سەۋىيىدە بولمىساڭمۇ، مەنىۋىيىتىڭنىڭ بايلىقى ۋە ئۆزۈڭنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن ئۆزۈڭگە تېگىشلىك ئورۇن ئىگىلىدىڭ. بىز سەندىن خۇش، كەلگۈسىدىكى ئاتاقلىق بىر ئەدىبنىڭ بىزنىڭ بەش يىللىق ساۋاقداشىمىز ئىكەنلىكىنى ئويلاش بىز ئۈچۈن شەرەپ. مانا ئەمدى، سېنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭ ژۇرنالدا تونۇشتۇرۇلىدىغان بوپتۇ. بۇ بىر ياخشى باشلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز سېنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئازراقتىن يىغىش قىلىپ، مۇنۇ 163 يۈەننى تەييارلىدۇق. ئەسلىدە بىرەر نەرسە ئالساقمۇ بولاتتى. لېكىن، سەن ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئالالماي قېلىشىمىزدىن ئەنسىرىدۇق. ئاز بولسىمۇ، كۆپنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلارسەن، — دېدى ۋە قولىدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. قۇتلۇق كۆپ تەكەللۇپلاردىن كېيىن ئىلاجسىز پۇلنى قوبۇل قىلدى. شۇ ئارىدا قوشنا ياتاقتىن كىرگەن بىرى ئۈنلۈك قىلىپ:

— ئاغىنىلەر، قۇتلۇق بىزنىڭ پەخرىمىز. بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۇ ئىجادىيەتتە خېلى ئالغا ئىلگىرىلىدى. كەلگۈسىدە ئاتاقلىق يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىدا گەپ يوق. شۇڭا، بىز ساۋاقداشلىقنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بىر ئەدەبىي تەخەللۇس قويۇپ قويساق قانداق، — دېدى. بۇ پىكىر ھەممەيلەننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەس - بەستە ئۆزى خالىغانچە تەخەللۇس قويۇشقا باشلىدى.



www.uyghurkitap.com

ـــ تېكىن[1] بولسۇن.
ـــ ئالپ[2] بولسۇن.
ـــ بەگ بولسۇن.
..........

ـــ بولدى، سىلەرگە كۆپ رەھمەت. مەن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئويلىغان. ئەمما «تەخەللۇس» قوللىنايمۇ ياكى «فامىلە» قوللىنايمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئىدىم، ـــ دېدى قۇتلۇق.

ـــ «فامىلە» ، «تەخەللۇس» ئوخشاش گەپ تۇرسا ئىككىلەنگىنىڭ نېمىسى؟ ـــ ئېلىيار سۆز قىلدى.

ـــ ياق، بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ ئوخشاش گەپ ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار، ـــ قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ مىدىرلاتقاچ سۆزلىدى.

ـــ ئەجەب ياخشى گەپ قىلدىڭ قۇتلۇق. «فامىلە» بىلەن «تەخەللۇس»نى مەنمۇ ئوخشاش دەپ قاراپ كەپتىكەنمەن. بىر چۈشەندۈرۈپ قويە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زادى نېمە؟ ـــ دېدى ئارسلان. قۇتلۇق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز كارىۋىتىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ بولىدۇ ئەمىسە، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە سۆزلەپ باقاي، ـــ دەپ سۆزىنى باشلىدى، ـــ «فامىلە» بولسا، ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر جەمەتنىڭ نام بەلگىسى ياكى نەسەبنامىسى بولۇپ، ئۇ ۋارىسلىق قىلىش - قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ، ئەۋلاد ئۇنى داۋاملىق قوللىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «فامىلە»

---
[1] تېكىن ـــ شاھزادە، پەرزەنت، ئەۋلاد.
[2] ئالپ ـــ قەھرىمان.

www.uyghurkitap.com

قوللىنىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمكى خوتەن خانلىرىنىڭ «ۋايجىرا» فامىلىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ~ 6 - ئەسىرلەردىن تاكى قاراخانىيلار خانلىقىغىچە ئاز كەم 15 ئەسىرچە داۋام قىلغان ھەمدە بۇ فامىلە خەنزۇچە مەنبەلەردە «ۋېيچى» ياكى «يۈيچى» دەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن يەرلىك تىلىدا visa، viysara دەپ، تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە vijya، سانسكرىت تىلى ۋە باشقا تىللاردا vijaya، vaysara، vaijra… دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرچە بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلاردا «ۋايجىرا» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ۋايجىرا سامبھاۋا، ۋايجىرا سىمخا، ۋايجىرا ۋىريا، ۋايجىرا جايا، ۋايجىرا دراما، ۋايجىرا كىرتى، ۋايجىرا ساڭراما، ۋايجىرا چاترا، ۋايجىرا ۋىكراما، ۋايجىرا بۇخات ئىنچۇ، ۋايجىرا جالا… قاتارلىق 60 تىن ئارتۇق خوتەن (ئۇدۇن) خان - پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى «ۋايجىرا» فامىلىسىنى قوللانغان. ئۇلار دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى، خان - پادىشاھلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن «ۋايجىرا» فامىلىسىنى تاشلىۋەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئەھۋال كۆسەن خانلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە قوللىنىلغان فامىلىلەر ئاساسەن مەلۇم بىر قەبىلە ياكى خانلىقتا ئومۇملىشىپ، يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن، فامىلە قوللانغانلار بولسا ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ۋە ياكى قەبىلە ناملىرىنى قوشۇپ فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل رەڭلەرنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان ئەھۋالمۇ بار ئىدى. ئورۇن - جاي نامىلىرىمۇ فامىلە قىلىناتتى ھەم ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشلىنىپ

قالىدىغان ئەھۋاللار كەمدىن ـ كەم كۆرۈلەتتى. قىسقىسى، فامىلە مەلۇم بىر ئۇرۇق، مەلۇم بىر جەمەتنىڭ نام ـ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇزاق داۋاملىشىدىغان، ئۆزى ۋە ئۆز جەمەتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان، كىشى ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان نام ـ نەسەب، ئۇرۇق ـ جەمەت، يىلتىز، بەلگە ـ نىشان مەنىلىرىنى بېرىدىغان، شەخسكە مەنسۇپ بولماستىن ئورتاق ئۇرۇق ئەزالىرىغا مەنسۇپ بولىدىغان، ئۇرۇق ئەزالىرى ئىچىدىكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدىغان ھۆرمەت ئۇلانمىسىدىن ئىبارەت. «تەخەللۇس» سۆزى بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇ قەلەمكەشلەر ـ زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىدىن باشقا قويۇۋالغان قەلەم ئىسمىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ. ئۇنىڭ قوللىنىلىش تارىخى «فامىلە» نىڭ قوللىنىلىش تارىخىدىن كېيىن تۇرىدۇ. «تەخەللۇس» ئادەتتە يۇرت ناملىرى، يەر ـ جاي ناملىرى ۋە بەزى سۈپەت سۆزلىرىدىن ياسىلىدۇ، ئۇ ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدە پەيدا بولغان ۋە ئىسلام كلاسسىك ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن مىڭ يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى «تەخەللۇس» قويۇش ئادىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. مەسىلەن: ئەبۇ نەسىر بىننى مۇھەممەد بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇغ فارابى، ئەھمەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل پەرغانى، مەھمۇد كاشىغەرى، جامالىددىن كاشىغەرى، قىدىرخان ياركەندى، مەھزۇن خوتەنى، ئابىد قۇمۇلى، موللا مۆمىن ياركەندى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس كاشىغەرى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر،

تېيىپچان ئېلىيېف جۇرئىتى، مەمتىلى توختاجى تەۋپىق، نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى... قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلى. «تەخەللۇس» ئۆزگىرىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى قوللانغۇچى دەۋر شارائىتىغا، ئارزۇ - ئۇمىدىگە، قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ قوللىنالايدۇ. مەسىلەن: نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىگە «پانائى»، تۈركىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىگە «نەۋائىي» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن ۋە «نەۋائىي» تەخەللۇسىدا دۇنياغا تونۇلغان. ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ «مىسكىن»، «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسلاردا ئەسەر يېزىپ، ئاخىرىدا رەسمىي ھالدا «ئۆتكۈر» تەخەللۇسىنى قوللانغان. لۇشۈن بولسا 30 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 120 دىن ئارتۇق تەخەللۇس قوللانغان. قىسقىسى، تەخەللۇس كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان، قەلەمكەشلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان، بىر شەخسنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالمايدىغان، دەۋر شارائىتىغا، كىشىلەرنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان، شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى، ئارزۇ - ئارمانى، مەسىلىلەرگە تۇتقان دۇنيا قارىشى قاتارلىق ئامىللارنى ئاساس قىلىپ قوللىنىدىغان نام بولۇپ، ئۇنى قوللىنىش - قوللانماسلىق، قانداق تەخەللۇسنى قوللىنىش پۈتۈنلەي شۇ شەخسنىڭ ئەركىنلىكى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەم دەخلى - تەرۇز قىلالمايدۇ. بۇ پەقەت بىرەر چوڭ سىياسىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا شۇنداق بولىدۇ. ئاتىسى ياكى ئانىسى قوللانغان تەخەللۇسنى بالىسى قوللانمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ۋارىسلىق قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەمەس. مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇنچىلىك.

— ئەجەب ئوبدان گەپلەرنى قىلدىڭ ئاغىنە، كاللامدىكى بىر تۈگۈن ئاخىرى يېشىلدى. سەن ئەمدى ئويلىنىشنى قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكەن بىر سۆزنى فامىلە قىلىپ قوللانغىن. ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالسۇن، — دېدى ئارسلان خۇشال كەيپىياتتا.

— مەن «تېكىن» دېگەن سۆزنى فامىلە قىلىپ قوللىناي دەپ ئويلىدىم، سېنىڭچە قانداق؟ — سورىدى قۇتلۇق.

— بولىدۇ. مۇمكىن بولسا جەمەتىڭنىڭ لەقىمىنى فامىلىگە ئۆزگەرتىپ قوللانساڭ تېخىمۇ ياخشى بولارمىكىن، — جاۋاب بەردى ئارسلان.

— بىزنىڭ جەمەتىنىڭ لەقىمى «ئوتتۇنچى» ئىدى. بۇنى ھازىر قوللانمايمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا ئىختىيار سەندە، «تېكىن» مۇ ناھايىتى ياخشى سۆز. «قۇتلۇق تېكىن» دەپ ئاتىساق ساڭىمۇ ماس كېلىدىكەن.

ياتاقتا شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرەر سائەت ئەتراپىدا مۇنازىرە بولۇنغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئاۋاز بېسىقىپ، ھەممە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

قۇتلۇق ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ كەتتى. دادىسى بىلەن ۋىدالاشقاندىن بېرى ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. شۇ كۈنى ئىككى سائەتلا دەرس بولغاچقا، قۇتلۇق دەرستىن كېيىن، تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئىككى سائەتلىك دەرس ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكىدىن ئۇزۇندەك بىلىنىپ كەتتىمۇ قانداق، ناھايىتى تەستە تۈگىدى.

www.uyghurkitap.com

# دوستلۇق ھاياتنىڭ گۈلى

تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيى ئۇ ھويلىدىكى تەشتەكلەرگە كۆچۈرۈلگەن ھەر خىل گۈللەرنى پەرۋىش قىلماقتا، تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتتىمۇ، قانداق، ئۇ بىر تۇپ گۈلنى سۇندۇرۇپ قويدى. تۇغلۇق ئەپەندى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە خوشاللىقىدىن قۇتلۇقنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ قۇتلۇق، بەك جۇدەپ كېتىپسىزغۇ. جۇرۇڭ ئۆيگە كىرەيلى، — ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قۇتلۇق دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ دۇئا ئوقۇپ بولۇپ تۇغلۇق ئەپەندىدىن بىر قۇر ئەھۋال سورىدى. شۇ تاپتا ئۇ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئەھۋالدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئامال بار قۇتلۇقنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى چىققان كىتاب - ژۇرناللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ قايسىدۇر بىر ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى سۆزلەپ، ئوقۇپ بېقىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا توخۇ كاۋىپىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇلار توخۇ كاۋىپىنى مەززە بىلەن يەپ بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىشكە باشلىدى.

— قۇتلۇق، ئوقۇشىڭىزنىڭ تاماملىنىشىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتەمسىز ياكى شەھەردە قالامسىز؟ — سورىدى تۇغلۇق ئەپەندى.

— مەندە يۇرتۇمغا كەتمەي ئامال يوق. ئانام، دادام ھەر ئىككىلىسى مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۆينىڭ بىردىنبىر ۋارىسى پەقەتلا مەن. شۇڭا، بېرىپ ئاتام ياندۇرغان چىراغنى ياندۇرۇپ، ئانام ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بەرمىسەم بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھەر قانچە ياخشى ئوقۇسامۇ، گېپىمنى قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، بەربىر يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنىمەن، — جاۋاب بەردى قۇتلۇق.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ، قۇتلۇق، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنىڭ ئىختىساسلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭىز ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. ھەتتا جېنىنىمۇ قۇربان قىلدى. شۇڭا، سىز قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك. مۇبادا، ئەنە شۇنداق ئارزۇيىڭىز بولسا، مانا مەن ياردەمدە بولىمەن. مېنى ئەڭ يېقىن دوستىڭىز ۋە ياكى ئۆز ئاتىڭىزنىڭ ئورنىدا كۆرسىڭىز بولىدۇ. سىز «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى دوستلۇق ھەققىدە ئېيتىلغان ھېكمەتلەرنى يادلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، يادلىدىم.

— قېنى، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭە!

— ماقۇل، — قۇتلۇق سەل تارتىنغاندەك كەيپىياتتا بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىن يادلىۋالغان دوستلۇق ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنى دانىمۇدانە قىلىپ بايان قىلىشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com

تونۇش ـ بىلىشى بولمىغان كىشى يات كىشىلەر ئىچىگە يالغۇز كىرىپ قالسا، ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ تونۇشى بولمىسا، داۋاملىق موھتاجلىق ئىچىدە تۇرسا، بەك ئېغىر بولىدۇ.

تونۇش ـ بىلىشى يوق كىشىلەر قارىغۇغا ئوخشىشىدۇ، قارىغۇ يولدىن ئاداشسا، ئۇنى سۆكمەسلىك كېرەك.

ئەس ـ ھوشى بولمىسا، كىشى دوست تاللىيالمايدۇ.

ئەگەر كىشى كېلىپ باقمىغان ئەلگە كەلسە، ئەر كىشىمۇ كېلىندەك (تارتىنچاق) بولۇپ تىلى تۇتۇلىدۇ.

كىشىگە ھەرقانداق يەردە تونۇش ـ بىلىش كېرەك، ھەرقانداق ئىشلار تونۇشلار ئارقىلىق قىلىنىدۇ.

دوستۇڭ ياخشى بولسا، نىمە خالىساڭ قىلالايسەن، (ياخشىسى) يول تېپىش ئۈچۈن ياخشى دوست كېرەك.

سىنىغان، ئىشەنگەن كىشىڭنى مەھكەم تۇت، ئۇنىڭدىن ساڭا تۇمەنمىڭ لەززەت تېگىدۇ.

دوست ـ بۇرادەر ئادەم ئۈچۈن يۆلەنچۈكتۇر.

كىمنىڭ دوست ـ بۇرادىرى، قولدىشى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى مۇستەھكەم، تىك قىيا (دەك) بولىدۇ. كىمنىڭ ئارقا تىرىكى بولسا، ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ، كۈچلۈك كىشى بەختكە ئاساس سالالايدۇ.

دۈشمەن قىلغاننى (ئۆزىنىڭ) خۇي ـ پەيلى قىلىدۇ.

دىلى كەمتەر بولسا، كىشىنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ، سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشى دوستلىرىنى خۇشال قىلىدۇ.

يۈرىدىغان، ئۈچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تەڭتۇشىنى ئۆزىگە دوست ـ ھەمراھ تۇتىدۇ.

(كىشى) ئۆلۈمنى ئۇنتۇسا دۈشمىنىنى يېڭىدۇ.

ئار ـ نومۇس بىلەن ئىنسان دۈشمىنىنى بىتچىت قىلىدۇ.

ئۇچراشمىغان دۈشمەننىڭ داڭقى يىراقتىن بىلىنىدۇ، ئۇچرىشىپ كۆز كۆرگەندە داڭقى كىچىكلەپ كېتىدۇ.

چىداملىق بول، چىداملىق بولغان (ئەر) دۈشمىنىنى يېڭەلەيدۇ.

قېرىنداشلىق كىشىنىڭ داڭقى، شۆھرىتى بۈيۈكتۇر، دوستلىرى بار كىشىنىڭ نامى، سۆزى بۈيۈكتۇر.

قېرىنداشىڭ بولمىسا، يۈز دوست تۇت، دوستۇڭ ياخشى بولسا، شۇ قېرىنداشتۇر.

قەيەردە ئىناقلىق ـ يېقىنلىق بولسا، شۇ ئىشتا مەنپەئەت بولىدۇ.

قېرىنداش ياكى دوستلار يارىشىپ ئىناق يۈرسە، بىلگىنكى، ئۇلاردىن (يەنە) قوۋم ـ قېرىنداشلار پەيدا بولىدۇ.

جۇدا بولغان كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشسە، قايغۇسى قىسقا، خۇشاللىقى ئۇزاق بولىدۇ.

دوستىنىڭ كۆڭلى سۇنسا، (ئۇ) ئەشەددىي دۈشمەن بولىدۇ، دۈشمەن بار يەردە مىڭ (خىل) ئاداۋەت ساقلىنىدۇ.

سېنىڭ دۈشمىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى سەن چوڭ دەپ بىل.

ياخشى دوست تۇتۇپ، ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۈرۈش كېرەك، دوستلىرى ياخشى بولسا، ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ.

كىشىنىڭ دوست ـ يولداشلىرى كۆپ بولسا، نامى ئەلگە يېيىلىدۇ، ئىشى يۈرۈشىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ، ئەگەر ئاخىرەتلىكنى ئىزدىسىمۇ، ئاشۇ مەدەت بولىدۇ. قايغۇ ـ ئەلەمگە (يولۇققاندا) ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ، شادلىققا شادلىنىپ كۆزىنى ئاچىدۇ. پەزىلەتلىرىنى يېيىپ، بارچە خەلققە سۆزلەيدۇ،

نۇقسانلىرىنى كۆرسە يوشۇرىدۇ، ھەرگىز ئېغىز ئاچمايدۇ.
دۇشمەن (ئۇخلاپ ياتقان) باتۇرنى ئويغاتقۇچىدۇر، نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىنى ئەلگە مەلۇم قىلغۇچىدۇر.
ياخشى كىشىنىڭ دۇشمەنلىك بولۇشى ئېنىق، يامانغا دۇشمەن يوق، (چۈنكى) ياۋۇز كىشى ئۆلۈكتۇر.
دۇشمەن بىلەن ئېلىشقان ئەرنىڭ نامى بۈيۈك بولىدۇ.
قېرىنداشلىق بىلەن دوستلۇق ئىككىسى ئوخشاشتۇر.
كىشىنى چۈشەنمەي، ئۆزۈڭگە دۇشمەن قىلما، دۇشمىنى بولغان كىشىلەر شادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.
دۇشمەن ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، زىيىنى كۆپ، دۇشمەندىن پايدا كېلىدۇ دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.
دۇشمەن بىر بولسىمۇ زىيىنى مىڭدۇر، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى كەمدۇر.
ئۆزۈڭگە تەڭتۇشلارنى ئاداش تۇت، (كىشى) ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەنلا ھەمنەپەس بولالايدۇ.
ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆز ھەمراھىنى بىلىدۇ، تويىنى تاپىدۇ، سەن ئادەم، ئارىلىشىدىغان كىشىڭنى تاللا.
يېقىنلىق ئىشلىرى ئىككى خىل بولىدۇ، كىشى ئاشۇ ئىككى (ئىش) ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ. بىرى ھەق يولىدا كىشىنى دوست تۇتۇش، بۇنداق دوستلۇق ئارىسىدا ئەگرىلىك بولمايدۇ. يەنە بىرى (بەزىلەر) ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، بۇنداق دوستلۇق پۇختا بولمايدۇ، غەرەزلىك بولىدۇ.
دوستۇڭنى پايدا ـ زىيان ئىچىدە سىنا. مۇشۇ ساھەدە چىڭ تۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يېپىش.
دوستىنىڭ كۆڭلىنى بىلىشنى خالىساڭ، سۆز بىلەن غەزىپىنى كەلتۈرگىن، قاپىقىڭنى تۈرۈپ باق. ياخشى كۆرىدىغان-

كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەي دېسەڭ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى سوراپ باق. ئاندىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىككى يېرىكلىكىڭگە قاپىقىنى تۈرمىسە، بۇ ئادەمنى جېنىڭغا ئوخشاش (دوست) تۇت.

دوست، يار - بۇرادەر خۇشاللىق ۋە قايغۇدا، ياخشىلىق - يامانلىقتا كىشىگە ھەمدەم بولىدۇ.

دۈشمەن پايدا - زىيان ئۈچۈنلا بولغان بولسا، پايداڭنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياراشقىن.

دۈشمەنگە پايدا يەتكۈزسەڭ، ئۇ يېقىنلىشىدۇ، دۈشمەنىنىڭ زىيىنى ئورنىغا پايدىسى تېگىدۇ.

دۈشمەنلىك كىشىنى مىڭ خىل دەردكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

يامانلىق بىلەن داڭق چىقارغان كىشىدىن يىراق تۇر، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلى نادان كېلىدۇ.

دوستۇڭ دۈشمەن بولۇپ قالسا، جېنىڭغا قەست قىلىدۇ.

ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانچىلىك قوغدىساڭ، دوستۇڭ (نىمۇ) شۇنداق قوغدا.

مەيخورنى دوست تۇتما، ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ، كۆڭلۈڭنى زىدە قىلىدۇ.

ئۆز پايدىسىنىلا تىلەيدىغان دوستقا كۆڭۈل بەرمە، پايداڭ تەگمىسە ئۇ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ.

قۇتلۇق سۆزىدىن توختاپ، توغرا يادلاپ بېرەلىدىمۇ دېگەن ئوي بىلەن تۇغلۇق ئەپەندىگە ئاستا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىدىكى رازىمەنلىك ئۈچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى.

— بارىكاللا، بەك ئوبدان يادلاپسىز، مېنىڭ بۇنى سىزگە نېمىشقا يادلاتقۇزغىنىمنى بىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى تۇغلۇق ئەپەندى.

— بىلدىم.

— ئەمىسە مەن ئىزاھلاپ ئولتۇرماي، سىز مېنى خالىسىڭىز ئاتا ئورنىدا ۋە ياكى دوست ئورنىدا كۆرۈڭ، مەن بار كۈچۈم بىلەن سىزنى قوللايمەن ۋە ياردەم بېرىمەن.

— سىلىگە كۆپ رەھمەت، مەن ئۇچۇن باش قاتۇرۇپتىلا، مەن سىلىنى ھەم دوستۇم، ھەم ئاتام ئورنىدا كۆرىمەن. سىلى ماڭا ھەم دوستلۇق مېھرىنى، ھەم ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ كەلدىلە، مەن مەڭگۈ سىلىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇشقا رازى، — قۇتلۇق شۇلارنى ئېيتىۋاتقاندا ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى. ئۇ بىردەم جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن تۇغلۇق ئەپەندىگە قاراپ:

— تۇغلۇق ئاكا سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى.

— قېنى سوراۋېرىڭ.

— بىز تونۇشقىلى خېلى ۋاقىت بولدى. مەن بۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنىغىمۇ ئايلىنىپ قالدىم. ھەر قېتىم كەلگەندە پەقەت سىلىنىلا كۆرىمەن. ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلمىدىلا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىشىمغا بولامدىكىن! — قۇتلۇق شۇلارنى ئاران تەسلىكتە دېيەلىدى. بىردىنلا تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يوقالدى.

ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ بۇرنىنىڭ ئاستىدىلا توختاپ قالدى. قۇتلۇق بۇلارنى سوراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغانلىقىدىن بىر تەرەپتىن، خىجىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن ياش ئاققۇزغانلىقىنى بىلىش ئۇچۇن ئالدىرىدى. ئارىنى بىردەم سۈكۈت باسقاندىن كېيىن، تۇغلۇق ئەپەندى جىمجىتلىقنى

بۇزۇپ:

— بولىدۇ، مەن سىزگە ھەممىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي قۇتلۇق، — دەپ سۆزىنى باشلىدى، — مېنىڭ ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشىممۇ خۇددى سىزنىڭكىگە ئوخشاش دېھقان. مەن 10 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتام ئۆلۈپ كەتتى. ئانام بولسا ئاتام ئۆلۈپ كېتىپ ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا سەپەر قىلدى. مەن بىر يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، ئائىلىمىزنىڭ نەسەبىنى ساقلاپ قېلىش ۋەزىپىسى ماڭا يۈكلەندى. مەھەللىمىزدە ئايتۇلان ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، بىر ـ بىرىمىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلىشەتتۇق. بارا ـ بارا مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. نەتىجىدە بىز توي قىلدۇق. توي قىلىپ بىر يىل ئۆتمەستە مەن تۈرمىگە تاشلاندىم. چۈنكى، مەن كىچىكىمدە ئانامنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئەدەبىياتقا خېلىلا ھەۋەس قىلىپ پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى يېزىپ تۇراتتىم. كىم بىلسۇن، يازغانلىرىم بىر قىسىم مۆتىۋەرلەرنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ. تۈرمىگە شۇ كىرگەنچە ئون يىل ياتتىم. بۇ دەل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلى بولغاچقا ماڭا ئوخشاش بىھۇدە 10 يىل يېتىپ كەتكەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. مەن تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈۋېلىش قارارىغىمۇ كەلگەن. ئەمدى ئويلىسام تازا ئەخمەقلىق قىلغان ئىكەنمەن. مەن تۈرمىدە ياتقان ئون يىل جەريانىدا ئايتۇلان مېنى پات ـ پات يوقلاپ روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىپ تۇردى. قىسقىسى، ئۇ مېنى ئون يىل ساقلىدى. مەن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بىز ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى يېڭىۋاشتىن باشلىدۇق. ئايتۇلان ئىنتايىن ئىشچان، زېرەك، قورقماس، قەيسەر ئايال ئىدى. بىز بىر ئوغۇل

پەرزەنتلىك بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتۇق. تەلىيىمىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدۇق. ئەمما ئايتۇلاننى مەندىن ئايرىۋەتتى. ئۇ تۇغۇتتىدا قىينىلىپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوغلىمىزنى پەرۋىشلەپ ئۆستۈردۈم. ئۇ ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئايتۇلاندىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ يۈرىكىم خاتىرجەم ئەمەس. ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكەتلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. باشقىلار مېنىڭ يالغۇزچىلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ «توي قىلىۋال» دەپ كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما ئايتۇلان ماڭا ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئون يىل ئەقىدە قىلالىغان تۇرسا، مەن بىر ئەركىشى تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلىيالمىسام ۋىجدانىي ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، تا ھازىرغىچە توي قىلماي بويتاق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدىم. ئاخىرقى ھېسابتا ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇۋالسام دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئۇنى ئاساسەن ئورۇنلاپ بولدۇم. ئەمدى مەندە باشقىچە ئارزۇ- ئارمان يوق. ئوغلۇم ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالغۇدەك بولدى.

قۇتلۇق تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. بىردەمدىن كېيىن تۇغلۇق ئەپەندى كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى. ئۇلار كۈن كەچ بولغۇچە ھەر خىل تېمىلاردا سۆھبەتلىشىپ خېلىلا كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشىپ قالدى. قۇتلۇق تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن بىر خىل خۇشال كەيپىياتتا يېنىپ چىقتى.

ئوقۇغۇچىلار زارىقىپ كۈتكەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش ۋاقتىمۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى. لېكىن بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل سېزىم مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماسلىقتەك ساۋاقداشلىق مېھرى ئىدى. شۇ تاپتا مەكتەپنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىغىن زالى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان ئىدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇش تاماملىغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئوقۇش پۈتكۈزۈشتىن ئاۋۋال خىزمەت ئالاقىسى ئەكەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقە بويىچە شۇ جايغا تەقسىم قىلىنغانلىقىنى، قۇتلۇقنىڭ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئالىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن قۇتلۇق بۈگۈنكى بۇ خۇشال مىنۇتلاردا «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىن ئوقۇغان «بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا، بىلىم بىلىش ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندى. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىدۇ:

بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.